شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال
2010.5



# بۇلاق

# BULAK

ISSN 1005-0876
10>
9 771005 087006

BULAK

# نەۋائى غەزەللىرىدىن

يۈز سۇزۇمدىن بىرگە بەرمەس جاۋاب ئول نۇش لەب،
ئاغزىنى يوقتۇر دېسەم، ۋاقتىكى ھېچ بەرمەس ئەجەب.

نۇقتەئى خالىڭ نىدىن شىرىن لەبىڭ ئۈستىدە دۇر،
نۇقتە چۇن ئاستىن بولۇر ھەرفا يىدا كىم يازىلا لەب.

ۋەسلىنى بەگلىغ مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر، چۇن ئېرۇر
دىلبەرىم نازۇك مىزاجۇ مەن بەغايەت بىئەدەب.

گەر قويماش دەرلەر يۈزۈڭنى، گەرم بولۇب چەكمە تىغ،
ئەگلە جۇرمى يوق، ئىشنار ئاسماندىن ھەرلەقەب.

لەئلىڭ ئال، چاكلىڭ بىمار، كۆڭلۈمنى نىتاڭ،
ئەي مەلاھەت نەخلى، چۈنكىم خەستە سىز بولاس رۇتەب

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

31 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 134 - سان



# بۇلاق

2010 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەئلۇماتۇل ـ ئافاق ........................ ئەمىنىددىنخان ھۈسەينىي ھىرەۋى (5)
مولla مۇھەممەدسەئىدنىياز تەرجىمىسى
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق
ئەجمەلخان ھەببۇللا ھاجى
مىرئاتى شەرئ ........................ غىياسىددىن (17)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى
شېئىرلار ........................ ھاجى ئىمىن يېڭىھىسارىي (24)
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان روزىمۇھەممەت،
بۇۋىمەريەم شېرىپ خۇشتار
كەنزۇر ـ راغىبىن ........................ ئۇبەيدۇللا ئەقسەرىي (37)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

### مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

فىتنە ........................ ئۇرفان ئاتاجان (47)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا مۇھەممەت

## ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

«مەجالىسۇن نەفائىس»تا ئىپادىلەنگەن نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ....... جۇمە ئالىم (76)
ئۆزبېكىستان قول يازما ئەسەرلەر كۈتۈپخانىسى ......................................... ئەمەك ئۈشمەنىز (83)
ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: يۇسۇپجان ياسىن
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا خاتىرىلەنگەن يەكەندىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ...... سۇلتان ماموت ئىبراھىم (92)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ياماقچى ...................................................... توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر (106)
بېيت ـ قوشاقلار ........................................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: بۇغدا ئابدۇللا (110)

※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: مىڭئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن (رەسسام: پەرھات ئىبراھىم)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نېغمەت

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

خەتتاتلار: ياسىن كېرىم، مەتتۇرسۇن ئابدۇرىشىت، مەمەت نەۋبەت

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)

ئەمىنىددىنخان ھۈسەيىنىي ھىرەۋى

# مەئلۇماتۇل - ئافاق*

موللا مۇھەممەد سەئىد نىياز تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
ئەجمەلخان ھەبىبۇللا ھاجى

## تىبابەت ئىلمىنىڭ بايانى

تىبابەت ئىلمى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. نەزەرىيە دېگىنىمىز، ئىنسان بەدىنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۈرىدىغان ئىلىمدىن ئىبارەت.

تىبابەت ئىلمى بىلەن ئىنسان بەدىنىنىڭ ساقلىق، كېسەللىك ئەھۋالى بىلىنىدۇ. بۇ ئىلىمنىڭ پايدىسى ساغلاملىقتا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ زىيانلىق ئىشلاردىن يېنىشنى بىلىشتىن ئىبارەت.

تىبابەت ئىلمىنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تىبابەتتە ئىشنىڭ قانداقلىقى بايان قىلىنماستىن، بەلكى پەقەت شۇ ئىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ، بۇ نەزەرىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ماددىنىڭ تۆت خىل بولۇشى، مىزاجىنىڭ توققۇز خىل بولۇشىغا ئوخشاش؛ ياكى ئىشنىڭ قانداقلىقى ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتى بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىششىقنى ياندۇرۇش مەشغۇلاتى ۋە ئۇنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى بايان قىلىنغانغا ئوخشاش، بۇ ئەمەلىيەت دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىلىمگە باغلىق بولىدۇ. ئىلىم بولمىسا ئەمەلىيەتمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ.

تىبابەتنىڭ ئەسلىي مەقسىتى بار ساقلىقنى ساقلاپ، يوقالغىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بىرنەرسىنى ساقلاش ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەلۇم بولغايكى، شەيئىنىڭ سەۋەبىنى تونۇغاندا، ئاندىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئومۇمىي تونۇشتا، سەۋەب يەنە بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ۋاسىتە بولىدىغان ئىشنى كۆرسىتىدۇ، ھۆكۈمالارنىڭ تونۇشىدا بولسا، سەۋەب بىر ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

سەۋەب تۆت خىل بولىدۇ. چۈنكى، سەۋەب سەۋەب بولۇنغۇچىغا تەۋە بولىدۇ ياكى بولمايدۇ. قۇۋۋىتى بىلەن تەۋە بولسا «ماددىيىيە» (ماددىي سەۋەب) دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تەختىنى ياغاچقا تەۋە قىلغانغا ئوخشاش؛ ئەگەر ئۇ تەسىرى بىلەن (بىلپىل) تەۋە بولسا ئۇ شەكلى سەۋەب (سۇۋەرىي) دېيىلىدۇ. مەسىلەن،

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

تەختنى تۆت بۇرجەك ياكى ئالتە بۇرجەك تەسەۋۋۇر قىلغانغا ئوخشاش؛ ئەگەر سەۋەب سەۋەب بولغۇچىدىن
بولسا ئۇنى سەۋەب (سەۋەبى فائىلى) دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ياغاچچىغا ئوخشاش. ئەگەر تەختنى ياساش پا-
دىشاھنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن بولسا ئۇ «سەبەبى غائىييە» (نىشان سەۋەب) دېيىلىدۇ.
بىلگىنكى، ماددىي سەۋەب ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ. ساغلاملىق ئۇنىڭغا باغلىق بولىدۇ. ئۇ مۇرەككەپ
ياكى ئاددىي بولىدۇ. ئاددىي بولسا نەچچە رۇكنى بولىدۇ؛ مۇرەككەپ بولسا ئارىلاشما ھالەتتە بولغان بولى-
دۇ، ئۇ ئەزالاردىن ئىبارەت؛ ياكى ئۇچۇچان بولىدۇ، ئۇ روھلاردىن ئىبارەت؛ ياكى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ، ئۇ
خىلىتلاردۇر.
شەكلى سەۋەبلەر مىزاجنىڭ مۆتىدىللىكىگە سەۋەب بولغۇچىدۇر.

ئەركان

ئەركان ئاساس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ تۆت ماددىدىن ئىبارەت. تۆت ماددا ئاددىي جىسىم (ئې-
لېمېنت)لار بولۇپ، ئۇنىڭ قىسىملىرىدىن ئادەم بەدىنى ۋە باشقىلارنىڭ بەدىنى تۈزۈلىدۇ.
ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئوت بولۇپ، تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر؛ ئىككىنچىسى ھاۋا بولۇپ، تەبىئى-
تى ھۆل ئىسسىقتۇر؛ ئۈچىنچىسى سۇ بولۇپ، تەبىئىتى ھۆل سوغۇقتۇر؛ تۆتىنچىسى تۇپراق بولۇپ، تە-
بىئىتى قۇرۇق سوغۇقتۇر.

روھلار

تېۋىپلارنىڭ نەزەرىدىكى روھ بوسسىمان ئۇچۇچان جىسىم بولۇپ، ناھايىتى ئۇچۇچانلىقىدىن يۈرەك-
تە خىلىتلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولۇپ، تومۇرلار ئارقىلىق ھەرقايسى ئەزالارغا تارقىلىدۇ. شۇ
ئارقىلىق ئەزالاردا ھاياتلىق ۋە ھېس – ھەرىكەت قابىلىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ روھى ھايۋانىي (ھايات-
لىققا مەنسۇپ روھ) دېيىلىدۇ. ئۇ قۇۋۋىتى ھايۋانىي (ھاياتلىق قۇۋۋىتى) ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىشىدۇ؛ بۇ
روھنىڭ بەزىسى مېڭىگە يەتسە مېڭە ئۇنىڭدىن باشقا بىر خىل كەيپىيات قوبۇل قىلىپ ئورۇن ۋاستىسى
بىلەن ئۇنىڭدا يېڭى بىر مىزاج ھاسىل بولىدۇ، ئۇ روھى نەفسانىي (نەفسانى روھ) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇۋۋى-
تى نەفسانىي (نەفسانى قۇۋۋەت) شۇنىڭ بىلەن داۋاملىشىدۇ. دېمەك، بۇ روھ بىلەن ئىنسان سۆزلەيدۇ.
ھېس – ھەرىكەت پەيدا قىلىدۇ. روھنىڭ بەزىسىدە يەنە بىر خىل كەيپىيات ھاسىل بولىدۇ. ئۇ روھى تە-
بىئىي (تەبىئىي روھ) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇۋۋىتى تەبىئىي (تەبىئىي قۇۋۋەت) ئۇنىڭ بىلەن بارلىققا كېلىدۇ.
قۇۋۋىتى تەبىئىيدىن غىزالىنىش ۋە ئۇخلاش بارلىققا كېلىدۇ.

خىلىتلار

خىلىت ھۆل، سۇيۇق جىسىم بولۇپ، كەيلۇس ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن ئېرىيدۇ. خىلىتلار سەپرا،
سەۋدا، قان ۋە بەلغەمدىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەبىئىتى بولىدۇ.

مىزاج

مىزاج تۆت رۇكنى (ئەركان)نىڭ بىرى بىرىگە ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ بىرى
بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان سۈرەتلىرى ۋە ماددىلىرىنىڭ تەسىر قىلىشى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى،
بىرى بىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىشى بىلەن ئوتتۇراھال بولغان بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولىدۇ، ئۇ
مىزاج دېيىلىدۇ. كەيپىياتلارنىڭ ھېچقايسىسىغا مايىل بولمىغان، مۆتىدىل تۇرغان كەيپىيات ھەقىقىي
مۆتىدىل كەيپىيات دېيىلىدۇ. ئۇ «مۆتىدىل بىل فەرەز» (پەرزەن مۆتىدىل) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى،
بۇنداق ئالىي دەرىجىلىك مۆتىدىل مىزاجنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مىزاج سو-

غۇقلۇقىقا، قۇرۇقلۇقىقا ياكى ھۆللۈككە ۋە ياكى ئىسسىقلىققا مايىل بولىدۇ. بۇنداق بىر خىل كەيپىياتقا مايىل بولغان مىزاج غەيرىي مۆتىدىل يەككە مىزاج دېيىلىدۇ. مىزاج قۇرۇق سوغۇققا، قۇرۇق ئىسسىققا ياكى ھۆل ئىسسىققا ۋە ياكى ھۆل سوغۇققا مايىل بولىدۇ. بۇنداق مىزاج غەيرىي مۆتىدىل مۇرەككەپ مىزاج دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي مۆتىدىل مىزاجنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەندۇر. يۇقىرىدىكى توققۇز خىل مىزاج ئەقلىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە مۆتىدىل بولۇش - بولماسلىق نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئايرىلغاندۇر. ئەمما، تېۋىپلارنىڭ نەزىرىدە مەشھۇر بولغىنى شۇكى، ئەركانلاردىن تۈزۈلگەن ھەر قانداق مۇرەككەپ كەيپىياتتا ئەڭ مۇۋاپىق ۋە لايىق بولغان بىر خىل مۆتىدىللىك ھاسىل بولىدۇ. بۇ مۆتىدىللىك تەقسىماتتا ئادىل بولۇش دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققاندۇر. مەزكۇر مۆتىدىللىك ياكى تۈر ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئىنسان مىزاجىنىڭ باشقا تۈرلەرگە سېلىشتۇرغاندا مۆتىدىل بولغىنىغا ئوخشاش؛ ياكى سىنىپ ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن، تۈركىي، ھىندى خەلقلىرىنىڭ مىزاجىغا ئوخشاش؛ ياكى ئەزا ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن، تېرىنىڭ مىزاجىغا ئوخشاش.

يۇقىرىدىكىدەك پەرەز قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئەمەلىيەت (رېئاللىق) نىڭ سىرتىدا، سەككىزى بولسا ئەمەلىيەت (رېئاللىق)نىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

ئەمما، ئۆلىمالار يۇقىرىدا ئېيتىلغان سىنىپلارنىڭ راستلىقى ۋە دۇرۇسلۇقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. شەيخۇررەئىس ئىزاھ بېرىپ: «خەتتى ئۇستۇۋادا تۇرغۇچىلار سىنىپلارنىڭ مىزاجى مۆتىدىلرەك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە كېچە بىلەن كۈندۈز باراۋەر بولىدۇ، كەيپىياتلار بىرى بىرىنى سۇندۇرالمايدۇ. دېمەك، خەتتى ئۇستۇۋا جايلارنىڭ ئەڭ مۆتىدىلىدۇر» دېگەن. ئەمما، ئىمام مۇھەممەد رازى ئىزاھ بېرىپ: «تۆتىنچى ئىقلىمدا ياشىغۇچىلارنىڭ مىزاجلىرى ئەڭ مۆتىدىل بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئىقلىم بارلىق ئىقلىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدادۇر. نەسىل قالدۇرۇش، كۆپىيىش ئۇ يەردە ئاساندۇر. مۆتىدىللىك راست ۋە دۇرۇست ئادەمنىڭ ئېتىبارى بىلەندۇر» دېگەن.

**ئادەملەرنىڭ يېشى ۋە دەۋرلىرى**

كىشىلىك ھاياتنىڭ دەۋرلىرى تۆت دەۋرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچىسى، ئۆسۈش (بالىلىق) دەۋرى

بۇ دەۋر بىرقانچە باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. بىرىنچىسى بالىنىڭ تېز ئۆسۈۋاتقان باسقۇچى بولۇپ، «سىننى ھەداسەت» (بوۋاقلىق) دەۋرى دېيىلىدۇ. ئۇ بالىلىق يېشىدىن باشلىنىدۇ. بۇ دەۋر كىچىك بالىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ۋاقتىدىن باشلىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى بالىنىڭ نارەسىدىلىك باسقۇچى بولۇپ، «سىننى سەبا» بالىلىق دەۋرى دېيىلىدۇ. ئۇ كىچىك بالا ئۆرە تۇرالايدىغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. بەزىلىرى بۇ دەۋر بالىنىڭ ئەزالىرى قاتقان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ دەيدۇ؛ ئۈچىنچىسى، بالىنىڭ يېتىلىش باسقۇچى بولۇپ، «سىننى تەرەئرەئە» ئۆسمۈرلۈك دەۋرى دېيىلىدۇ. بۇ باسقۇچ كىچىك بالا يۈگۈرۈپ ئوينىيالايدىغان دەۋردىن باشلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىتلىك (غۇلامىيىە) باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ «سىننى رەھاق» (بۇرۇتى خەت تارتىش باسقۇچى)مۇ دېيىلىدۇ. بۇ باسقۇچ بالا بالاغەتكە يەتكەندىن باشلىنىپ ياشلىق (سىننى فەتا) باسقۇچىغىچە، يەنى 30 ياشقا كىرگۈچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ياشقا كىرگەن ۋاقتى «سىننى شەباب» (ياشلىق باسقۇچى) دېيىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، توختاش دەۋرى (سىننى ۋۇقۇف)

بۇ دەۋر «سىننى شەباب» (ياشلىق دەۋرى)مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ ياشلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن تاكى 40

ياشقىچە داۋاملىشىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى (سىننى كۇھۇلەت)

بۇ دەۋر ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن تاكى 60 ياشقىچە داۋاملىشىدۇ.

تۆتىنچىسى، قېرىلىق دەۋرى (سىننى شەيخۇخىيەت)

بۇ دەۋر ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرى ئۆتكەندىن كېيىن تاكى ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ.

**سىتتە زەرۇرىيەت (ئالتە زۆرۈر ئىش)**

ئادەم هاياتلا بولىدىكەن، تۆۋەندىكىدەك ئالتە ئىش ئۇنىڭغا زۆرۈر بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ سىتتە زەرۇرىيەت (ئالتە زۆرۈر ئىش) دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى، روھىي ئامىللار (ئەئرازى نەفسانىييە)؛ ئىككىنچىسى، هاۋا؛ ئۈچىنچىسى، يېمەك - ئىچمەك؛ تۆتىنچىسى، قوبۇل قىلىش ۋە چىقىرىش؛ بەشىنچىسى، ئۇخلاش ۋە ئويغاقلىق؛ ئالتىنچىسى، هەرىكەت ۋە جىملىقتۇر.

**روھىي ئامىللار**

ئۇ «ئەئرازى نەفسانىييە» دېيىلىدۇ. روھىي ئامىللار روھنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن ئىبارەت. ئۇلار سىرتقى تەرەپتىن ياكى ئىچكى تەرەپتىن تەسىر قىلىدۇ. سىرتقى تەرەپتىن تەسىر قىلىدىغانلىرى ئىچىدە بىراقلا يۈز بېرىدىغىنى غەزەپلىنىشتۇر. تەدرىجىي يۈز بېرىدىغىنى شادلىق ۋە لەززەتلىنىشتۇر؛ ئىچكى تەرەپتىن تەسىر قىلىدىغانلىرى ئىچىدە بىراقلا يۈز بېرىدىغىنى قورقۇش بىلەن جىددىيلىشىشتۇر. تەدرىجىي يۈز بېرىدىغىنى غەم - قايغۇدۇر. ئامىللاردىن هەر ئىككى تەرەپتىن تەسىر قىلىپ ئىچكى تەرەپتىن ئاۋال تەسىر قىلىدىغىنى خىجالەتتۇر. هەر ئىككى تەرەپتىن تەسىر قىلىپ سىرتقى تەرەپتىن تەسىر قىلىدىغىنىمۇ خىجالەتتۇر.

**تومۇر سوقۇش**

تومۇر سوقۇش روھنىڭ قاچىسى بولغان يۈرەكتىن چىقىدىغان هەرىكەتتۇر. هەربىر تومۇر سوقۇش كېڭىيىش، جىمجىتلىق ۋە قىسقىراشتىن هاسىل بولىدۇ. تومۇرنىڭ بۇ هەرىكەتلىرى ساپ هاۋانى سۈمۈرۈپ، بۇزۇق هاۋانى چىقىرىش ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلىنغاندۇر.

**يۇنانلىقلارنىڭ ئىلاجى**

مىزاج بۇزۇلۇش (سۇئۇل مىزاج) ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇش (سۇئى مىزاج ماددى) دۇر. ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىشنىڭ تەدبىرى تۆت خىلتتىن ماددىنى ئىستىپراغ (خالىي قىلىش) قىلىشتۇر؛ ئىككىنچىسى، ماددىسىز مىزاج بۇزۇلۇش (سۇئى مىزاج سازەج) تۇر. ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىشنىڭ تەدبىرى قارىمۇقارشى تەدبىر بىلەن مىزاجنى تەڭشەشتۇر. قارىمۇقارشى تەدبىر دېگىنىمىز، ئىسسىقلىقتا سوغۇقلۇق قىلىش، سوغۇق كېسەلگە ئىسسىقلىق قىلىش، قۇرۇقلۇقتا هۆللۈك قىلىش، هۆللۈككە قۇرۇقلۇق قىلىشتۇر.

**بۆھران**

بۆھران كېسەللىكنىڭ ئىنسان تەبىئىتى (بۇ يەردىكى تەبىئەت ئادەم بەدىنىدىكى ئىدارە قىلغۇچى كۈچنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن تىركىشىشىدىن پەيدا بولىدىغان، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. ئۆلىمالار ئىنسان تەبىئىتىنى سۇلتانغا، كېسەللىكنى مەملىكەتكە هۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە، بۆھران كۈننى ئۇرۇش كۈنىگە ئوخشاتقان. بۇ كۈندە سۇلتان بولغان ئىنسان تەبىئىتى دۈشمەن بولغان كېسەللىكنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تەن مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقارسا، ئۇ تولۇق ياخشى بۆھران

(بۆھرانى تام) دېيىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ تېز ساقىيىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر سۇلتان غەلىبە قىلغان بولسىمۇ دۈشمەننى تولۇق يوقىتالمىغان بولسا، بەلكى يەنە ئۇرۇش قىلىشقا تىگىشلىك بولسا ئۇ كەمتۈك ياخشى بۆھران (بۆھرانى ناقىس جەيىد) دېيىلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ ئەگەر دۈشمەن غەلىبە قىلىپ سۇلتاننى مەغلۇپ قىلغان بولسا، دۈشمەن مەملىكەتنى قولىغا ئالغان بولسا، بۇ تولۇق ناچار بۆھران (بۆھرانى تام رەدى) دېيىلىدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ناھايىتى يامانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر دۈشمەن غەلىبە قىلغان بولسىمۇ تەن مەملىكىتىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر مەيدان ئۇرۇش قىلىشقا تىگىشلىك بولسا، ئۇ ناچار كەمتۈك بۆھران (بۆھرانى ناقىس رەدى) دېيىلىدۇ.

**زەھەرلەرنىڭ تۈرلىرى**

زەھەرلەر مەدەن مەنبەلىك زەھەرلەر (زەھەرى مەئدەنىييات)، ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلەر (زەھەرى نەباتات)، ھايۋان ۋە ھاشارات مەنبەلىك زەھەرلەر (زەھەرى ھايۋانات) دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ھاشاراتلارنىڭ چېقىشى، چارۋىلارنىڭ چىشلىشىمۇ ھايۋان مەنبەلىك زەھەرلەر قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ.

زەھەر قايتۇرىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەر، سەپرا، سەۋدانىڭ سۈرگىلىرى، قۇۋۋەتلىگۈچىلەر (مۇقەۋۋىيات)، ئاچقۇچىلار (مۇفەتتىھات)، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچىلار (مۇلەتتىفات)، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىلەر (مۇدىررات)، تاش پارچىلىغۇچىلار (مۇفەتتىتات)، مۇزەۋۋىرات، قورۇغۇچىلار (قابىزات)، تارقاتقۇچىلار (مۇھەللىلات)، يۇمشاتقۇچىلار (مۇلەييىنات)، پۇشۇرغۇچىلار (مۇنزىجات)، تېتىكلەشتۈرگۈچىلەر (مۇنشىيات) قاتارلىقلار. بۇنىڭ تەپسىلاتى (مۇفەررىھات) تېبابەت كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. يەنە ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىلار، باشنى ئېغىر قىلغۇچى دورىلار، قورساقتىكى، قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرگۈچى دورىلار، بۇرۇننىڭ قېنىنى توختاتقۇچى دورىلار، قاننى تارتقۇچى دورىلار، قاننى سۈرگۈچى دورىلار، ئاياللارنىڭ پەرجىنى قورۇتقۇچى دورىلار، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار، ئەرلىكنى كۈچەيتكۈچى دورىلارمۇ تېبابەت كىتابلىرىدا تەپسىلىي ۋە تولۇق بايان قىلىنىدۇ.

**تەرياق تەجرىبىسى**

تەرياقلار، مۇفەررىھاتلار، ئىترىپىللار، مەجۇنلار، شەربەتلەر، لۇئۇقاتلار، مۇراببالار، قىيامىلار، سىكەنجىبىنلەر، جاۋارىشلار، سۈرگۈچى قۇرسلار، ھەبلەر، ئايارەجلەر، سۇپۇپلار، مەتبۇخلار، چۈشكۈرتمىلەر (ئەتۇسات)، غەرغەرىلەر، سۇنۇنلار، تىلالار، زىمادلار، نۇتۇللار، كۆز دورىلىرى، مەرھەملەر، سەپمىلەر (زەرۇرات)، سەمرىتكۈچىلەر (مۇسەممىنات)، جۇلا بەرگۈچىلەر (جالىيات) قاتارلىقلار تېبابەت كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

تۆۋەندىكى مۇبارەك دۇرۇت ھەممە ئىللەت ۋە رەنجلەرگە شىپا بولىدۇ: ئى ئاللا، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادىغا ھەربىر كېسەللىك ھەم ئۇنىڭ داۋاسى ۋە شىپاسىنىڭ سانىچە رەھمەت قىلسىلا ۋە سالامەت قىلسىلا.

**پادىشاھلىقتا نام بېرىشنىڭ قائىدىلىرى**

بەگلەر ۋە مەملىكەتلەرگە قائىدە - نىزام ئۆگەتكۈچى ئۇلۇغ ئەمىرلەرنىڭ ناملىرى، ئىززەت - ئىكرام ئىگىلىرى بولغان خانلارنىڭ ناملىرىنىڭ بايانى

بەلەن ماكان ئەمىرلەرنىڭ ۋە ئىقتىدار ساھىبى بولغان ۋەزىرلەرنىڭ ھەربىرى ئىقتىدارىغا بېقىپ لايىق مەنسەپ تۇتقاندۇر.

ھەزرىتى پادىشاھزادىنىڭ كۆپ ناملىرى باردۇر. مەسىلەن، خىدىۋ، خۇداپىگان، زىللى سۇبھان (پاك خۇدانىڭ سايىسى)، خەلىفەتۇر - رەھمان (شەپقەتلىك خۇدانىڭ خەلىپىسى)، جاھان پاناھ، ئالەم پاناھ، گىيتى (جاھان) پاناھ، پادىشاھى جاھان ۋە جاھانىيان (جاھان ۋە جاھاندىكىلەرنىڭ پادىشاھى)، پىرى مۇرشىد (يولباشچى پىر) قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ھەزرىتى پادىشاھلارنىڭ كۆپ ناملىرى باردۇر. مەسىلەن، خالايىق پاناھ، بارگاھ، مەلىكى جايگاھ، بارگاھى پەلەك دەرگاھ، دەرگاھى پەلەك رۇتبە، بارگاھى سۇلايمان مەرتىبەت، دەرگاھى ئاسمان جاھ، دەرگاھى ئەرش ئىشتىباھ، بارگاھى خالايىق، سەجدىگاھ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

پادىشاھزادە يەنە تۆۋەندىكى ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ: ساھىبى رىسالە (ئىش ئىگىسى)، ۋەلىيى ئەھدى، فەرامىن، مۇتائى رىسالە (ئىشتا بويسۇنۇلغۇچى)، نۇۋۋابى قۇدسى ئەلقاب، پادىشاھزادە، كامگار، نامدار، كەرامى نەسەب (نەسەبى ئېسىل)، نۇرى ھەدەقەئى خىلافەت ۋە ئۆبھەت (خەلىپىلىك ۋە ئېسىللىك كۆز نۇرى)، نۇرى ھەدەقەئى سەلتەنەت ( پادىشاھلىق كۆز نۇرى)، دەۋلەت فۇرۇغ، دىدمانى ئىززى ۋە ئىقبال، چىراغى خاندانى جاھ ۋە جالال، كوھى بەلەند ماكان (ئېگىز تاغ)، رەفىئۇل قەدر (قەدرى ئۈستۈن)، رەفىئۇش شەئن (شانى ئۈستۈن)، ستۇدەئى خىسال (خىسلەتلىرى مەدھىيەلەنگەن)، خەجەستەئى شىيەم (خىسلەتلىرى مۇبارەك)، ئالەم ۋە ئالەمدىكىلەرنىڭ شاھزادىسى قاتارلىقلاردۇر.

بەگلەرنىڭ ئۇلۇغلىرى پادىشاھ، بېگىم، نۇۋۋابى قۇدسى ئەلقاب، نۇۋۋابى مەلىكە دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

ھەرەم ھەرىمىنىڭ ئۆيئىچى ۋە سارايدىكى خىزمەتكارلار خەۋەسسى پەردە دەپ ئاتالغان.

ھەر بىرى نەغمىچى ۋە خۇش ئاۋاز مۇغەننىلەر نەغمە سازان، تەرتكاران، كائىنان، كالانوت ۋە خەۋاسسانى خەۋاس دەپ ئاتالغان. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە سائادەتلىك پادىشاھنىڭ بەلەند خىزمەتلىرىگە ھازىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە (مۇغەننىلەر ئېيتىدىغان ناخشىلارنى دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن) بىر خىتاب ۋە نام بېرىلگەن. مەسىلەن، رەگراي، نەرتراي، سوكەرراي، تەرەل تەرەڭ، روپىرەڭ، پەرەمرەڭ، نەرت، كەندىھا، سورسەرەس، پەرەم تەرەڭ نەرت، سانجى، راڭ، سەنكا، سوكيان، جەندەر، كارنىھا، ئەرىسى، كام، كەندىلا، كوندھا، چوندھا، پەرەم، روپ، ئوتەم، روپسەرەس، روپۋەرسەن، روپ سودرەس، ۋەرسەن سەرەس، ۋەرسى، سەرىسى، كام سەرەس، چەنچەل، جىتۇن، ئوتەم، دەرسەن، كىيان، مەتى، روپ مەتى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا سۇرۇد ۋە مۇغەننى دەپ ئاتالغان، مۇزىكا پىننىنىڭ ھۇنەرۋەنلىرى بولغان نەغمىچىلەر مەھر، كەۋكەب (مۇزىكا ناملىرى بولۇشى مۇمكىن) ۋە ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىشقان. ئىلمى سەڭ (مۇزىكا ئىلمى) ماھىرلىرى ھىندى خەلقىنىڭ ئاھاڭلىرىنى، ئىسىملىرىنى ئالتە خىلغا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، بەھر؛ ئىككىنچىسى، مالكۇس؛ ئۈچىنچىسى، ھەندۇل؛ تۆتىنچىسى، سەرىراڭ؛ بەشىنچىسى، سىگەھمەلار؛ ئالتىنچىسى، ۋىپەك دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتلاردا نەغمىچىلەردىن مۇتربىيان، قولان، گوھەندىھا، كەلانوتان، ناتكان، ژىدھادىيان، كەندەرپان، نەتۇھار، رەققاس، سازەندە، نەۋازەندە دەپ ئاتالغانلىرى تەكلىپ قىلىنىدۇ. چالغۇلاردىن دارغۇنۇن، ئۇد، چاڭ، راۋاب، تەنبۇر، پەكادەج، مەردەڭ، بەين، سەرمەندەل، كەنىر، سارەنكى،

تال، ھولەك قاتارلىقلار ۋە باشقا مۇناسىپ چالغۇلار ئېلىپ كېلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا گەنجىنان، لوليان، ھەدكىيان دەپ نام بېرىلگەن خىزمەتچىلەر ۋە باشقىلىرى كامالى ھۆسنى جامال بىلەن ھەزرىتى فىردەۋس ماكان پادىشاھىنىڭ ئەرش ئاشيان ۋە جەننەت ئارام زامانلىرىدا مەيلى ئالەم دەپتەرلىرىدە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن ھەممىسى خىزمەت بەجا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار خىزمەتلەرنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىشتا بىر لەمھە ۋە ياكى بىر لەھزىمۇ غاپىللىق قىلمايدۇ. خىزمەتنى ياخشى قىلغۇچىلار مۇناسىپ مەنسەپ بىلەن بېشى كۆتۈرۈلىدۇ.

نازىر كالا نوتاننىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرىتى خۇللىدە ماكانۇھۇنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ زامانىسىدا — ئاللا ئۇنىڭ بەرىكەتلىرى ۋە دەلىلىنى نۇرلۇق قىلسۇن — يۇقىرىدىكى نەغمىچىلەرگە ئوخشاش تائىپىلەرنىڭ ھەممىسىگە خىزمەت بەرمەي بىكار قويغانىكەن. ئاللاغا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، شەرىئەت تۇتمىغان بۇ تائىپىلەرگە ھەرگىز مەنسەپ ۋە ئەمەل بەرمىگەنىكەن. پەقەت ئۇلارنىڭ بەزىسىگە مەنسەپ ۋە مائاش بېرىپ ئىلتىپات قىلغانىكەن. تولىلىرىنى خاسلار قاتارىغا كىرگۈزگەنىكەن، بىكار قويمىغانىكەن.

دەرگاھنىڭ ئۇلۇغ تۆر ئىگىلىرى ۋە ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرى تۆۋەندىكىدەكناملار بىلەن ئاتالغان: ئىتىزادى خىلافەت (خەلىپىلىك تايانچى)، فەرمانبەردار (پەرمان تۇتقۇچى)، ئىتىمادى سەلتەنەت (شاھلىق تايانچى)، كىشۋەر كۇشاي (مەملىكەت پەتىھى قىلغۇچى)، مۇمەھھىدى قەۋائىدى مەئدىلەت (ئادالەت ئاساسىنى تۇرغۇزغۇچى) ، مۇنتەزىمى ئۇمۇرى سەلتەنەت (سەلتەنەت ئىشلىرىنى رەتكە سالغۇچى)، ئەقدى كۇشاي (كىرىزىس ھەل قىلغۇچى)، مۇئاقىدىن دىين ۋە دەۋلەت (دىن ۋە دۆلەت تۇتقۇچى)، سىپەھر ئاراي (قوشۇن تەشكىللىگۈچى)، مەئارىك فەتھ ۋە نۇسرەت (ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى)، كەنجۇر ئەسرار، پادىشاھى دانا زەمىر (دىلى دانا شاھ)، زىللى ئىلاھى (ئىلاھ سايىسى)، ئەنجۇمەن پىرايى (ئامما راينى قوبۇل قىلغۇچى)، خەلىپەئى سۇبھانى (پاك خۇدانىڭ خەلىپىسى)، مۇنتەخەب (تاللانما)، نۇسخە دانىش، بىنايى ساھىبى رەئىي (قاراش ئىگىسىنىڭ كۆزى)، دەستۇر، ۋەزىرى مەمالىك (مەملىكەت ۋەزىرى)، قۇدۋەئى قەۋانىن (قانۇنلار ئۈلگىسى)، بەلەن ماكان (مەرتىۋىسى ئالىي)، بۇرھان (دەلىل)، كەلايى زەۋىل ئىقتىدار (ئىقتىدار ئىگىسى)، شانى شەۋكەت، كاتتىلىق، ھەشەمەت ئىگىسى، ئۇمدەئى ئۇمەرايى ئەزىمۇش شەن (شەنى ئۇلۇغ ئەمىرلەر تايانچىسى)، رۇكنۇس سەلتەنەتىل ئەلىيە (ئالىي سەلتەنەت تەۋرۈكى)، نىزامۇل - مەلىك (شاھ نىزامى)، ئاسىفۇد دەۋلە (دەۋلەت «شاھ» مەسلىھەتچىسى) قاتارلىقلاردۇر.

دىۋانى ئەئلا (شاھ مەسلىھەتچىسى) تۆۋەندىكى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىدۇ: تاللانغان، ئۇلۇغلۇققا خاس، دىن - دىيانەت ساھىبى، راستچىللىق ئىگىسى، بىلىم ئىگىسى، تەجرىبىلىك، تەمكىنلىك بىلەن سۆپەتلەنگۈچى، جىمى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپ قىلىنغان، مەقسىتىگە يەتكۈچى، پەزىلەت، ھېكمەت ئىگىسى، ئادىل، شىجائەت، پاكلىق ئىگىسى، جاھان ۋە جاھاندىكىلەرنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلغۇچى قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ.

ۋەزىر جۇملەتۇل - مەملىكەت، مەدارۇل مەھام (مۇھىم ئىشلار نوقتىسى)، دىۋان، ۋەزىرى ئەزەم دەپ ئاتالغان.

جۇملەتۇل - مەلىك (پادىشاھ ئەمەلدارى) تۆۋەندىكىناملار بىلەن ئاتالغان: مۆئتەمەنۇت دەۋلەتىل ئەلىيە (دۆلەتنىڭ ئالىي ئىشەنچىلىك كىشىسى)، مۆئتەمەدۇس سەلتەنەتىل بەھىييە (ئالىي شاھلىق تايانچى)، ئۆمدەئى ئۆمەرايى رەفىئۇش - شەئن (ئالىي شانلىق ئەمىرلەر تايانچى)، زۇبەئى خەۋانىنى بەلەند ماكان (ئالىي مەرتىۋىلىك خانلار تاللانمىسى)، نازىمى مەنازىمى مۈلك ۋە مال (شاھلىق ۋە مال تۈزۈملىرىنى

تۇزگۇچى)، ناھىجى مەناھىجى دۆلەت ۋە ئىقبال (دۆلەت ۋە ئىقبال يوللىرىنى ئاچقۇچى)، ساھىبۇس سەيفى ۋەل قەلەم (قىلىچ ۋە قەلەم ئىگىسى)، رافىئۇل - لىۋائى ۋەل ئىلىم (ئىلىم ۋە بايراق كۆتۈرگۈچى)، ۋەزىرۇ ساھىبىت تەدبىر (تەدبىرلىك ۋەزىر)، يەكرەڭ، ۋاپادار دېگەن ناملار ۋە سۈپەتلەر بىلەن ئاتالغان.

ۋەزىرگە ۋەزىرلىك ئەمەلى تاپشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ. خەت بىلەن بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولىدۇ. دەپتەرخانىدىكى مىرزىلارنى كۆزىتىپ پادىشاھ دەرگاھىدىكى باشقا خىزمەتكارلاردىن ئىمتىيازلىق قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

پادىشاھنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بىردىن ۋەزىر ئولتۇرىدۇ. سول تەرەپتىكىسى خاسىي دىۋان (دىۋاننىڭ خاس بېگى)، شەرىفۇ جۇملەتۇل - مەملىكەت - جۇملەتۇل (مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكىسى ئالاھىدە دەپتەرنى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ.

دىۋان خانىسىنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ۋاپادارلار تۇرىدىغان بولۇپ، ھەربىرىگە خىزمەت بەلگىلەنگەندۇر. مەسىلەن، ئەتراپتىن كەلگەن پۇل ۋە ماللارنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى، قەرز تاپشۇرۇپ ئالغۇچى، پۇل ۋە ماللارنى تەقسىملىگۈچى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

خىزمەتچىلەر خادىمى شەرىف (ئۇلۇغ خىزمەتچى)، ئەربابى تەھاسىل (ھاسىلات ئىگىلىرى) دېيىلىدۇ. بەزىلىرىگە دوراغا، كەچرى دىۋان، ۋاقى، نەۋىس، كەچرى دېگەن مەنسەپ ۋە مەرتىۋە بېرىلگەن. چوڭ باخشىلارنىڭ بەزىسى باخشى ئەۋۋەل، بەزىسى مىير باخشى، باخشۇل - مەمالىك دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. مەلۇم رىسالىدە ئۇلار يەنە ئىمارەت، ئىيالەت پاناھ، بەسالەت، شەھامەتى دەستىگاھ، ئۇمدەئى قۇدۋىيان (ياخشى ئۇلگە)، ئەقىيدەت نىھاد (جىسمىغا ئەقىدە سىڭگەن)، زۇبدەئى مۇخلىسانى بائىتىقاد (ئېتىقادلىق ئىخلاسمەنلەر تايانچى)، مەنزۇرى نەزەرى پادىشاھ (شاھ نەزەرىگە نائىل بولغۇچى)، مەۋرىدى ئەلتافى نامۇتەھا (چەكسىز ئىلتىپات مەنبەيى)، مەھبەتى ئەئتافى بىگەران (چەكسىز خەيرىلىك مەنبەيى)، خانى زىشان (شانلىق خان)، شەجائەت نىشان (شىجائەت نىشانى)، سەمسامۇد - دەۋلە (دۆلەت تۈتقۇسى)، بافەرھەڭ، بەخشىل مەلىك (شاھ باخشى) دەپ پۈتۈلگەن. ئۇلار يەنە ئىككىنچى باخشى، تەن باخشى دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ئۇلار ئۈچىنچى باخشى، تۆتىنچى باخشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باخشى ياكى دوراغا شاگىرت پېيشەۋەر (شاگىرت يېتەكچىسى)، تەسھىيھە (خاتالىقنى تۈزەتكۈچى)، ئەمىن دېگەن مەنسەپلەرگە مۇشەررەپ بولغاندۇرلەر. گۇرزىدارلار (ياساۋۇللار)نىڭ دورغىسىنى ئەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىش، يارلىق يەتكۈزۈش ۋە قازىنىڭ ھۆكمىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. مەزكۇر رىسالە ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئەسكەر باشلىقى ئېتىمادى خىلافەت (خەلىپىلىك تايانچى) دەپ ئېيتىلغان.

ئۇلۇغ پادىشاھلار فەرمان رەۋائى (پەرمانى راۋان)، ئېتىقادى سەلتەنەت (سەلتەنەت ئېتىقادى)، كىشۋەركەشان (ئەل سورىغۇچى)، رۇكۇنۇس - سەلتەنەتىل قاھىرە (كۈچلۈك سەلتەنەت تايانچى)، ئەزۇدۇد - دەۋلە (دۆلەت بىلىكى)، مۇستەشارۇ دەۋلەتىل - خاقانىيە (خاقانىيە دۆلىتى مەسلىھەتچىسى)، مۇئتىمەنۇ ھەشەمەتىر - رەفىئەتىس - سۇلتانىيە (ئالىي ھەشەمەتلىك سەلتەنەت ئامانەتدارى)، ئەقدى كەشاي (تۈگۈنچە يەشكۈچى)، مۇئاقىدى دىن ۋە دەۋلەت (دىن ۋە دۆلەتنى تۇتقۇچى)، سىنپەھ ئارايى مەئرەكەئى فەتھى ۋە نەسرى( فەتھ ۋە نۇسرەت يۇرۇشىنىڭ قوشۇن تەييارلىغۇچىسى)، سەيفى مەسلۇل (يالىڭاچ قىلىچ)، بازۇيى شەھىنشاھ (شاھىنشاھ بازۇسى)، رۇمھى مەئرەكەئى دۈشمەنگاھى (دۈشمەنگاھ يۇرۇشىنىڭ نەيزىسى)، ئىفتىخارى پەردىلان (پەردىلان ئېپتىخارى)، جان سىپار (جاننى ئاتىغۇچى)، خۇلاسەئى يەكجەھتان، ۋافادا-

رى، كەنجۇر، ئەسرارى شاھى (شاھانە سىرلار)، دانايى خەلىيفەئى ئىلاھى (ئىلاھى خەلىپىنىڭ داناسى)، زۇبدەئى پىيشى قۇدەمائ (قەدىمكىلەر ئالالانىسى)، يەكتايى ساھىبۇش ـ شەۋكە ۋەل ئىھتىرام (شانۇ شەۋكەت ۋە ئىھتىرام يىگانىسى)، شاھىنشاھ، رۇمۇزى سەلتەنەت (سەلتەنەت نىشانى)، نىگەھبانى قەۋانىينى مەئدىلەت (ئەدلىيە قانۇنلىرىنىڭ ساقلىغۇچىسى)، قۇدۋەئى خەۋاتىينى بەلەند ماكان (ئالىي مەرتىۋىلىك خانلار ئۈلگىسى)، ئالەمقەدار، ئۇمدەئى ئۆمەرايى سەئادەت نىشان (سائادەت نىشانى بولغان ئەمىرلەر تاياندى)، فىيرۇزى ئاسار، يارى ۋافادار (ۋاپادار يار)، مۇارىزۇد ـ دىن، سىپەھسالار دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان ۋە شۇنداق يېزىلغان. ئۇلۇغ خان دىۋانى خان سامان دەپ ئاتاشقان. ۋەزىرلار رىسالىلىرىدە پاناھى ئەۋالى ۋە مەئالى (يۇقىرى تۆۋەننىڭ پاناھى)، دەستىگاھ، سەزاۋەرى ئەۋاتىف، ئېھسان، مەۋرىدى مەراھىمى بىگەران دەپ سۈپەتلەنگەن.

خانىلار (ھۇجرىلار) دىۋانى بۇيۇتات دېيىلگەن. فەرراشخانىلارنى باشقۇرۇشتا ئېتىبارغا ئىگە بولغان دورغىلار، خەزىنىنىڭ ئامانەتدارى بولغانلار، تۆگىخانا ۋە كالاخانىلارنى باشقۇرغۇچىلار ئەربابۇت ـ تەھاۋىيل (چىقىمدارلار) دەپ ئاتالغان.

پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە دورغا، خەزىنىچى، تەھۋىلدار، مۇشرىفدار ۋە ئەمىرى خازىن دېگەن ناملار بېرىلگەن. پادىشاھنىڭ خەزىنىلىرى خەزىنەئى ئامىرە (ئاۋات خەزىنە)، خەزىنەئى گۇل (گۇل خەزىنىسى)، خەزانەئى خەرج (خىراجەت خەزىنىسى)، خەزانەئى جەمئى (يىغى خەزىنىسى)، خەزانەئى بەھىيلە (بەھىيلە خەزىنىسى)، خەزانەئى ھەبىيب (ھەبىيب خەزىنىسى)، خەزانەئى خەرىد (سودا خەزىنىسى)، خەزانەئى بەيتۇل ـ مال (دۆلەت خەزىنىسى)، خەزانەئى پايباقى (زاپاس خەزىنە)، خەزانەئى ئەمۋال (مال ـ مۈلۈك خەزىنىسى)، خەزانەئى رەئسۇل ـ مال (دەسمايە خەزىنىسى)، خەزانەئى شاگىرد پىشە (شاگىرت خەزىنىسى)، خەزانەئى توب، خانەئى نەزىر ۋە پېيشكەش، خەزانەئى مەھەللى ئەندىرۇن (ئىچكى خەزىنە) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىشاھنىڭ تەسەررۇپىغا تەئەللۇقتۇر.

سەدۇرس ـ سۇدۇر (باشنىڭ بېشى) دەپ ئاتالغان ۋەزىرگە سەدۇرل ـ ئەلىيىيەتىل ئالىييە (ئالىيلارنىڭ ئالىيسىنىڭ بېشى) دەپ نام بېرىلگەن. ئۇ يەنە رىسالەئى سىيادەت ۋە نىقايەت (خوجايىنلىق ۋە پاكلىق ئىگىسى)، پەناھى شىجائەت ۋە شىھامەت (باتۇرلۇق ۋە ئىنسانلىق پاناھى)، دەستىگاھى ۋە سەزاۋەرى ئىنايەتى پادىشاھى (پادىشاھنىڭ خەير ـ ئېھسانىغا سازاۋەر بولغۇچى)، قابىلى مەرھەمەت (مېھىر ـ شەپقەتنى قوبۇل قىلغۇچى)، زىللى سۇبھانى (خۇدانىڭ سايىسى) ۋە سەدۇر رەفىيئۇل ـ قەدر (قەدرى ئۈستۈن بولغۇچى) دېگەن ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. مائاش ئالغۇچى خەلقلەر، سەدىقە يىگۈچىلەر، ياردەمگە ئېرىشكەنلەر، مەسچىتنىڭ خادىملىرى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇي ۋەزىرگە تەئەللۇق بولىدۇ. قازىنىڭ ھۆكمى ئۇلۇغ مەنسەپلەرگە زىننەت بېرىدىغان بولۇپ، ھۆكۈم چىقارغۇچى قازىل ـ قۇززات (قازىلار قازىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. قازى پەرمان چۈشۈرسە شەرىئەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ يەنە بىرى شېرىك قىلىنمايدۇ. قازىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ئىجرا بولىدىغان بارلىق ئىشلار، جېدەل ـ ماجىرالارنى بېسىقتۇرۇش، دەۋاگەرلەرنىڭ دەۋاسىنى شاھقا يەتكۈزۈش، نىكاھ مەيلى ۋەلى بىلەن بولسۇن ياكى ۋەلىسىز بولسۇن، ئۇنىڭ ئەقدىنى پۈتۈش، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغۇچىلارنى توسۇش، مۇساپىرلارنىڭ ماللىرىنى باشقۇرۇش، يېتىملارنىڭ ماللىرىنى ساقلاش، ساراڭلارنىڭ ماللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر ۋەزىرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلغاندۇر.

پەتىۋا بېرىش مەنسىپى مۇفتىغا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئايەت - ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىش، مال-
نىڭ ھېسابىنى چىقىرىش، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى تۇتۇش، قويۇپ بېرىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان
ئىشلاردىن توسۇش، توختام تۈزۈش ياكى بىكار قىلىش ئۇنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، دىيانەتچىنىڭ زىيادىلىكى،
پەرھىزكارلىقىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن خەلق ئارىسىدا ئىسلام شەرىئىتىنى تارقىتىدۇ ۋە تونۇشتۇرىدۇ.
گۇناھ - مەئسىيەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچىلار، يەنى پاسىقلارنىڭ قوللىرىنى نەپسى خاھىشىنىڭ يوللى-
رىدىن قايتۇرىدۇ. خەلقنى بەش ۋاق نامازنى ئوقۇشقا، جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.
جازا بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش، شارابخورلار، مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلى-
غۇچىلارنى چەكلەش، بازارنىڭ گەز، جىيە، چىڭ، شىنىڭ، كۆرە، تارازىلىرىنىڭ قانداقلىقىدىن خەۋەر تې-
پىش پادىشاھلىق ئۈچۈن زۆرۈر ۋە لازىمدۇر. نامازسىز پاسىق، زىناخورلارنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىش-
مۇ پادىشاھلىق ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتەك مۇھىم ئىشقا
بىر دەقىقىمۇ سەل قارىماسلىق، زۆرۈر بولسا ئۇنى ئىجرا قىلىشنى دورغا ۋە باشقا خىزمەتكارلارنىڭ بىد-
رىگە تاپشۇرۇش لازىمدۇر. ئاتخانىغا قارىغۇچى دورغى ئىستەبلى (ئېغىل دورغىسى) دەپ ئاتىلىدۇ، نازا-
رەتچىلىك قىلىش ئىشى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغاندۇر. توپخانا دورغىسى مىر ئاتەش دېيىلىدۇ، توپخانىنىڭ
نەق - نېسى بارلىق تەئەللۇقاتى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. پادىشاھنىڭ پەلەكتەك ئالىي مەرتىۋىلىك
دەرگاھىنىڭ تايانچ كىشىلىرى پادىشاھنىڭ مۇبارەك شەھىرى ئىچىدە ھەمىشە ھازىر تۇرىدۇ.

## ياساۋۇللار سۆھبىتىنىڭ بايانى

ئوڭ - سول تەرەپتىكى ياساۋۇللار خاس ۋە ئام خەلقنىڭ دەفتەرخانىسى (ئىشخانىسى)دا ئۆرە تۇرىدۇ.
ئۇلار پادىشاھ ئاتقا مىنگەندە تەختنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ سەئيى ئىھتىمام كۆرسىتىدۇ. ئادالەت
دورغىسى ئادالەت دىۋانىدا تۇرۇپ پەرياد تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يەت-
كۈزىدۇ. ئىككىنچى دورغا ئاياقتا ئولتۇرغانلارنىڭ ئەرزىنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزىدۇ. داڭ دورغى-
سى مەملىكەتنىڭ پۈتۈكچىسى بولۇپ، ئەتراپتىكى ناھىيەلەردىن كەلگەن خەۋەرلەرنى دەپتەرگە پۈتۈپ ئې-
لىپ قويىدۇ. ئەمىرى ۋاقىئە خان (ۋەقە ئوقۇغۇچى ئەمىر) مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەمىرلەردىن بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا چوڭ خىزمەت تاپشۇرۇلغاندۇر، ئۇ باشقا ئەمىرلەرنىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئېناۋەتلىكتۇر. ئۇ ئەتراپتىكى
بەگلەردىن كەلگەن ھەرقانداق ۋەقەنى پادىشاھ ھۇزۇرىدا ئوقۇپ بېرىدۇ. ھەربىر ئىشقا بىر دورغا بەلگى-
لەنگەن بولۇپ، ئەتراپتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۇنىڭ خاس دورغىسىغا يەتكۈزۈلسە، ئۇ دەھال پادىشاھ ھۇ-
زۇرىغا يەتكۈزىدۇ.
چەبۇترە دورغىسى، كۇتۋال دورغىسى شۇنداق مەنسەپدۇركى، پادىشاھنىڭ كىيىلىشىم تۈزۈش ياكى كې-
لىشىمنى بۇزۇش ئىشلىرى، پادىشاھنىڭ بازارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭغا تەئەللۇقتۇر. كۆزەتچى ۋە ئامانەتچى-
لەر ئۇنىڭغا ھەمراھدۇر.
دورغىلىق مەنسەپلىرى: دورغا دەۋاب (چارۋىلار دورغىسى)، دورغا چەرىمانە، دورغا كوتو پارچە، دورغا
داروش - شىپا (شىپاخانا دورغىسى)، دورغا خالىسە، دورغا كىتابخانە (كىتابخانا دورغىسى)، دورغا ئەرا-
ئىزاخانە (ئەرزخانە دورغىسى)، دورغا كىراخانە (كىراخانا دورغىسى)، دورغا مېۋەخانە (مېۋىخانا دورغى-
سى)، دورغا سوكەجخانا، دورغا خوشبۇخانە (ئەتىرخانا دورغىسى)، دورغا گۈلاپخانە (گۈلاپخانا دورغىسى

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە شۇنىڭغا ماس بولغان خىزمەتلەر بېرىلگەندۇر. ئۇلار شۇنىڭغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئۆزگىسىنىڭ ئەھدىسىدە بولغايلار (يەنى تاپشۇرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققايلەر).

## ئىكسىرنىڭ نۇسخىسىنىڭ بايانى

ئىكسىرغا ئون ئالتە خىل دورا ئىشلىتىلىدۇ: ئىككى يېرىم سەر سەندەل، ئىككى يېرىم سەر نارەنجى پوستى، بەش مىسقال بېھى بىنەفشە، بەش مىسقال ئەنبەر، ئىككى يېرىم سەر لازەن، سۇنبۇل ئىككى يېرىم سەر، ئىپار ئىككى يېرىم سەر، گۇلاب ئىككى يېرىم سەر، سەندەل بىر سەر، بورىيا بىر سەر، ئىكسىر ئالتە دام، لۇبان ئالتە دام، ناۋات ئۈچ سەر، ئەنبەر، لازەن تۆت دامدىن، گۇلاب يەزىدى ئۈچ شىشە.

شەھەرلەرنىڭ چوڭى جودەھىر دېگەن شەھەردۇر. ھىندىستاندا فۇسھەت نىشان جۇدەھىر دېيىلىدۇ؛ دۇكەن ۋىلايىتىدە رەئىس مەككە دېيىلىدۇ. ھىندى مەملىكىتىدە قائىدە قانۇن قانۇن ـ قائىدە كوي دېيىلىدۇ؛ دۇكەن مەملىكىتىدە دىس پاندى دېيىلىدۇ. دىۋان قانۇنلاردىن خەۋەردار بولۇپ، رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىدۇ.

## ئاتاقلارنىڭ بايانى

ئۇلار مۇتەسەددىيانى ئۇمدە (ھەر ئىشقا ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى)، سىپەھساران (لەشكەر ساقلىغۇچى)، جان سىپار (جاندىن كەچكۈچى)، فىيرۇزى شىئار، ئۇمەرايى ئىزام (كاتتا ئەمىرلەر)، ئاسىف جاھى، ئاسىفخان، ئاسىفى مۆئتەمەدۇد ـ دەۋلە(دۆلەت تايانچى)، ئېتىمادۇد ـ دەۋلە (دەۋلەت تايانچى)، نىزامۇل ـ مەلىك (شاھ ئىنتىزامى)، خانى خانان (خانلار خانى)، ئەمىرۇل ـ ئۇمەرا (ئەمىرلەر ئەمىرى)، زۇلفىقارخان، خانى جاھان (جاھان خانى)، خانى خان (خاننىڭ خانى)، خانى دەۋران (دەۋران خانى)، مىيرى جۇملە (ھەممىنىڭ ئەمىرى)، مىيرى مىيران، مەھابەتخان (ھەيۋەتلىك خان)، ئەمىرى خان، خانى زەمان (زامان خانى)، ئەلى مەردانخان، غازىيۇد ـ دىن (دىنىنىڭ غازات قىلغۇچىسى)، خانى زەفەر جەڭ (جەڭدە زەپەر قازانغۇچى خان)، فەتھى جەڭ (جەڭدە فەتھى قىلغۇچى)، نۇسرەت جەڭ (جەڭدە نۇسرەتكە ئېرىشكۈچى)، فىيرۇزى جەڭ (جەڭ فىرۇزىسى) قاتالىقلاردىن ئىبارەت. ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە باشقا خانلارمۇ شۇنداق ئېتىبار ئىگىلىرىدۇر.

## سارای خوجايىنلىرىنىڭ ئاتاقلىرىنىڭ بايانى

ئۇلار كۆپ خىزمەتلەرگە بەلگىلەنگەندۇر. ئۇلار بەزىدە خاس ئىشنىڭ دورغىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارغا دەربارى خان، بەختادۇرى خان، خىزمەتكارى خان، مەھرەمى خان، ئەنبەرى خان، مەسئۇدى خان، ياقۇتى خان، مۇئتەبەرى خان، ئېتىبارى خان دەپ ناملار بېرىلگەندۇر. ئۇلار ئەرلەرنىڭ نام سورۇنىدا كاملى ھەشەمەت بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىغا ئالە مان ئوغلى، خالىقمان؛ يەنە خىزمەتكارلار گۇرۇھىغا لەئلى چەند، ھىرا چەند؛ ئۇلارنىڭ دادىلىرىغا خىزمەتكارى خان دەپ، يەنە چارۋا مال دورغىسى، تۆگەخانا دورغىسى، كالاخانا دورغىسى دەپ نام بېرىلىپ بېشى ئۇستۇن قىلىنغاندۇر.

# ئىدارە قىلىنىۋاتقان مەملىكەتلەرنىڭ گەزلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ بايانى

ئىشىۋاتقان بارغانسېرى مەملىكەتلەرنىڭ ۋە ئىشلار ئالاقىدار ئۇنىڭغا ئۆلكىلەر، ھەرقايىسى تۆۋەندە
قىلىنىدۇ. بايان ئەھۋالى
رەس- 1740 پادىشاھلىق، گۇرۇۋھ 994 تەئەللۇقتۇر. بىنگالغا بەنداسالغىچە تۇھامەئى پورتىدىن لاھور ئۇزۇنلۇقلىرىنىڭ ئەھۋالى
ھەربىر تونۇشلۇقتۇر. ۋە مەشھۇر ۋىلايەتلىرىدە قىسىم كۆپ ھىندىستاننىڭ ئۇلار ئۆتكەندۇر، بەگلەر
شاھجاھانئا- خىلافەت - دارۇل بەلگىلەنگەندۇر. دەپ بارماق 42 گېزى ھەر گەزدۇر، 5000 پادىشاھ مى
خىلافەت- - دارۇل ئۆتكەندۇر. بەگلەر رەسمى گۇرۇۋھ 764 پادىشاھ، گۇرۇۋھ 437 پورتىغىچە لاھور گۇرۇۋھ
بويىچە شۇ ئۆتكەندۇر. بەگلەر رەسمى گۇرۇۋھ 975 پادىشاھ، گۇرۇۋھ 557 بەنداسالغىچە تۇھامەئى بادتىن
بەھكەر- تەھتەھەدىن ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 25 شەھەرگىچە دېگەن تەھتەھە پورتىدىن لاھور بولغاندا تىن
داروۇس - مۇلتاندىن پادىشاھ، گۇرۇۋھ 99 مۇلتانغىچە بەھكەردىن ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 130 غىچە
ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 75 لاھورغىچە سەلتەنەت
كەش- قەدىرلىك چېگراسىدىن ۋىلايىتىنىڭ تىبەت توغرىسى مەملىكەتلەرنىڭ قىلىنىۋاتقان ئىدارە
ئۆتكەن- بەگلەر رەسمى گۇرۇۋھ 1176 پادىشاھ، گۇرۇۋھ 672 شەھىرىگىچە سالاپۇر تاكى تۆرىدىن مىرنىڭ
رەسمى گۇرۇۋھ 598 پادىشاھ، گۇرۇۋھ 330 چېگراسىغىچە تىبەت شاھجاھانئابادتىن خىلافەت - دارۇل دۇر.
تى- كىچىك ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 60 تىبەتكىچە كىچىكى چېگراسىدىن تىبەت ئۆتكەندۇر. بەگلەر
لاھور. ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 101 لاھورغىچە كەشمىردىن پادىشاھ، گۇرۇۋھ 64 كەشمىرگىچە بەتتىن
ئەكبەرئاباد. ئەكبەرئابادقىچە، ئەكبەرئابادتىن شاھجاھانئابادتىن ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 105 شاھجاھانئابادقىچە دىن
خەجەس ئورەڭئاباد، بۇرھانپوردىن ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 178 بۇرھانپورغىچە يۇرتى خۇشاللىق تىن
ئۆت بەگلەر رەسمى گۇرۇۋھ 78 سالاپورغىچە ئورەڭئابادتىن ئۆتكەندۇر. پادىشاھ گۇرۇۋھ 42 بۇنيادقىچە تە
كەندۇر.
43 سەركار، 14 تەرەپتە ئەكبەرئاباد باردۇر. كەنت 285 سەركار، سەككىز تەرەپتە شاھجاھانئاباد
كەنت 200 سەركار، 9 تەرەپتە ئەھمەدئاباد باردۇر. كەنت 335 سەركار، 5 تەرەپتە لاھور باردۇر. كەنت
باردۇ كەنت 149 سەركار، 5 تەرەپتە ئودەھ باردۇر. كەنت 268 سەركار، 26 تەرەپتە ئالەئاباد باردۇر.
57 تەرەپتە مالۋە باردۇر. كەنت 51 تەرەپتە كەشمىر باردۇر. كەنت 219 سەركار، 27 تەرەپتە بىنگال
تەھتە باردۇر. كەنت 40 ئەتراپىدا كابۇلنىڭ باردۇر. كەنت 98 سەركار، 7 تەرەپتە مۇلتان باردۇر. كەنت
باردۇر. كەنت 552 ئەتراپلىرىدا دۆكەن باردۇر. كەنت 57 سەركار، 4 ئەتراپىدا

(تۈگىدى)

مىللەتلا سانلىق ئاز رايونلۇق ئاپتونوم ئۇيغۇر شىنجاڭ قۇتلۇق ئىمىننىياز ئەركىن تەييارلىغۇچىلاردىن (نەشرگە
تىباب ئۇيغۇر رايونلۇق ئاپتونوم ئۇيغۇر شىنجاڭ ھەبىبۇللاھاجى ئەجمەلخان ئىشخانىسىدا، ئەسەرلىرى قەدىمكى
ئىشخانىسىدا) تەتقىقات

غىياسىددىن

# سرائى شرئ*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: بارات تۇرسۇنباقى

## هكايەتۇن ئەلى سەبلۇت ـ تەمسل

دېدى مەۋلەۋىي: جامى قۇتبى زەمان،
كىتابىدەكىم ئاتى «نەفهات» دېگەن.
دېدى مالىكى شەيخى ساهىب تەمىز،
تەئامىدە هازىر ئىدۇك نەچچەمىز.
ئارامىزدا بار ئېردى بىر گۇدەكى،
ۋەلىلىغىدە يوق ئىدى بىر شەكى.
بەسى يىغلار ئىدى بۇ گۇدەك بۇدەم،
تەئام ئالماس ئېردى يېمەس ئېردى هەم.
چۇ سىررىنى سوردۇك، دېدى: مادەرىم
ئۆلۇپ ئېردى، بولدى نەچچە ۋەقتىكىم؛
كۆرەرمەن ئانى هالىيا نار ئارا،
ئۇشۇل دەۋزەخى كۇژدەمۇ مار ئارا.
دېدى شەيخ: يەتمىش مىڭ ئايىتىپ ئىدىم،
ۋەلي ئاندە ئولغانغە يارماپ ئىدىم.
دېدىم كۆڭلۇم ئىچرە: ئايا كىردىگار،
سەۋابى ئانى ئانەسىگە يېتەر.
ئۇشۇل بەچچە خۇرسەند بولۇپ كۇلدى خۇش،
دېدى: ئانەمى هالەتى بولدى خۇش؛
كى يەئنى ئانام بولدى راهەت ئارا،
سەقەردىن چىقىپ كىردى جەننەت ئارا.

## سلەئى رەهمنىڭ بەيانى

«ئەجايىب مۇهىممات» ئارا بار سەرىھ،
دېدى: ئاندە باردۇر بۇ قەۋلى سەهىھ.
كى بار سىلەئى رەهمدىن ۋاجىبى،
مۇسۇلمانلارە، بار يەقىن ۋاجىبى.
ئانى مەئنىسى ئولكى هەر يەردە بار،
كى قارىنداشۇ خىشۇ تەبار.
ئالارغە مۇرۇۋۋەت قىلىپ دائىما،
كۆڭۈللەرىنى خۇش ئېتىپ دائىما.
ئىراق بولسەلەر گەر ئەقەللا سەلام،
يىبەرۇپ ئالارغە يېتۇرۇپ پەيام.
رەسۇل ئايدى: سىلەئى رەهم ئەيلەگەن،
ئۇزاق ئۇمر، كۆپ رىزق كۆرەر بىگۇمان.
ئەگەر قەتئ ئېتەر ئۇمر ئاز، رىزق كەم،
بۇلار خەلق ئارا خارۇ زارۇ دژەم.
قارىنداشغە ۋەسل ئەيلەغەنغە خۇدا

* بىشى ئۆتكەنكى ساندا

تۆكەر باشىغە رەھمەتىن بىئايا.
خۇدا رەھمەتىن ئول كىشىدىن ئالار،
كى مەھرەم قارىنداشىدىن قەتئ ئېتەر.
ئەگەر مەھرەمى بولسە ھەر ھەفتەدا،
نەكىم ھاجەتى بولسە قىلسۇن رەۋا.
ئەگەر ھاجەتى بولسە قىلسۇن رەۋان،
قولىدىن ئەگەر كەلسە بولسە تەۋان.
ئەمۇ خالۇ ئاكەنى ئەب ئورنىغە،
ئاپە، ئەممە، خالەنى ئەم ئورنىغە؛
بۇلارنى ئاتە ـ ئانەدەك ھۆرمەتى،
ئاڭا لازىم ئېرمىش ئالار خىزمەتى.
رەسۇلى خۇدايى جەھان دېدىلەر:
ئۇكاغە ئاكا ھەققى گويا پەدەر.

## كىنە ساقلاماقنى بەيانىدە

كىشى مۇئمىنى كىنەسىن ساقلاسە،
ئاڭا كىنە ئەيلەپ كەلام ئايتماسە.
ئەگەر ئۆتسە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق بۇ كىن،
قەبۇل ئولماغاي ھېچ ئەمەل قىلماغىن.
قايۇسى كېلىپ ئىلگەرى سۆز قىلار،
خۇدا رەھمەتى ھەم بىھىشتى ئۇلار.
مەگەركىم سۆز ئايتماس ئاڭا ھېچ گاھ،
بۇ دىنكىم ئېرۇر ئاسىۋۇ پۇرگۇناھ.
رەسۇلى خۇدا خەلقنى سەرۋەرى،
كىنە ئەتتى بەئزى ساھابەلەرى.
كى ئەللىك كۈنى ئاڭا سۆز دېمەدى،
ساھابەنى ھەم سۆز دېمەك قويمادى.
يەنە زەينەپ ئېردى رەسۇل جۇفتلارى،
نىكاھلارىدە ئېردى ھەم خۇفتلارى.
كۈنى قىلدى بىر غەيبەت ئاندىن زۇھۇر،
سۆز ئايتمادىلار ئىككى ئاي بىقۇسۇر.

## ئاتەۋۇ ئانەغە فەرزەندنى ھەققنى بەيانى

ئاتە ـ ئانەغە ۋاجىب ئەيلەدى ھەق،
كى فەرزەندىغە جۇد بەرگەي سەبەق.
دېگەيلەركى سايىلغە بەر ئاشۇ نان،
بەئەئزاز ھۆرمەت ئۇزات مېھمان.
ئوق ئاتماقۇ سۇ يۈزماق ئاداب ھەم،
يەنە بىلدۈرۈپ ئىلمۇ خەتۇ قەلەم.
تاپار مۇندىن ئاتە ـ ئانە كۆپ سەۋاب،
بە زىنھار بۇ ئىشكە قىلسۇن شىتاب.
بۇ سۆزلەرنى فەرزەندە بىلدۈرمەسە،
قىلىپ زور بۇ ئىشلارنى قىلدۇرمەسە.
گۇناھىكى فەرزەندى بىلمەي قىلۇر،
ھەممە ئاتە ـ ئانەسىغە بىتىلۇر.
ئوقۇتسە ئاتە ـ ئانە فەرزەندىنى،
تەلەب ئىلم قىلدۇرسە دىلبەندىنى.
ئانى ھەر كۈنىغە خۇدا مىڭ يىلى،
ئىبادەت سەۋابىنى بەرگەي بەلى.

## خاتۇن ئېرىدىن بىئىجازەت چىقماقنى بەيانى

ئېرۇر لازىم ئولكىم ئۆيىدىن خاتۇن،
ئېرى ئىزن ئەگەر بەرمەسە چىقماسۇن.
ئەگەر چىقسە ھەربىر قەدەمغە خۇدا
ياراتۇر تاموغ ئىچرە بىر ئۆي ئاڭا.
نەكىم ئەتسە ئافتاب ئاڭا تولۇئ،
ھەممە لەئنەت ئەيلەر ئاڭا تار جۇئ.
بەس، ئول خاتۇنى مەئرەكە يا بازار،
ئېرىدىن ئىجازەت تىلەمەي بارار.
كىرەر دەۋزەخ ئىچرە بەھۆكمى ھەدىس،
قىيامەتنى ياد ئەتمەگەي ئول خەبىس.

ئىجازەت ئەگەر بەرسە ئەر ھەم لەئىن،
پاتار لەئنەت ئىچرە ئىكەۋى يەقىن.
مەگەركىم شەرئەتدە بارماق ھەلال،
ئېرى رۇخسەت ھەم بەرسە يوقتۇر زەۋال.
كى يەئنى ئاتە ـ ئانەنى ئۆيىگە،
يەنە مەھرەمىنى بارار كويىگە.
ۋەيا دايەدۇر ياكى غەسسالەدۇر،
بىرەۋدە ۋەيا ھەققى بار ئالەدۇر.
ۋەيا مۇندە ھەق باركى بەرگەي بارىپ،
ۋەياكىم گۇۋاھدۇركى بەرگەي بارىپ.
ۋەيا دىننى لازىم مەسايىللارى،
ئۆيىندە سورازغە كىشى يوق ئانى.
بۇ يەرلەرغە بارماق مۇجەۋۋەز ئېرۇر،
ھەلالدۇر ئېرىگەكى رۇخسەت بېرۇر.
بۆلەكلەر بۆلەك يەرغە بارسە يەقىن،
ئېرى بەرسە رۇخسەت ئىكەۋى لەئىن.
«فەتاۋىيى فىرۇزى شاھىي» ئارا،
بۇ سۆزلەر بەتەفسىل تاپتى ئەدا.
يەنە ئەرغە لازىمكى نامەھرەمى
ئۆيىگە كىرەر مەنئ ئەتسۇن ھەمى.
ئەگەر مەنئى ئەتمەس دەيۇس ئولغاي ئول،
گۇنەھغە باشىدىن ئاياغ تولغاي ئول.
قىيامەتدەكىم جەننەت ئاچىلغۇسى،
بارار بەش يۇز يىلچە يولغە ئىسى.
دەيۇز ئانچە مەھشەردە رەسۋا بۇلار،
ئىسىدىن ھەم ئانى يىراقراق ئۇلار.
بىتىكلىگدۇر «تەرغىبۇ تەزھىب» ئارا،
دېدىلەر بۇ سۆزنى رەسۇلى خۇدا.
بارار بەش يۇز يىلغە بۇيى بىھىشت،
ئىسىن تاپماغاي ئۇچ كىشى بەدسىرىشت.
بىرى ئولكى قىلسە كىشىگە سەخا،
قىلىپ مىننەت ئول خەير قىلغاي ھەبا.
بىرى ئول كىشىدۇركى بولغاي دەيۇس،
دېدىلەر ساھابەكىم: ئولغاي دەيۇس.
رەسۇل ئايدى: ئولدۇركى نامەھرەمى
كىرەر ھەر زەمان ئۆيىن ئىچرە ھەمى.
ئانى ئەتمەگەي مەنئ غەيرەت قىلىپ،
مۇسۇلمان ئەرەنلەرنى ئىبرەت قىلىپ.
بىرى ئولكى خەمر ئىچمەك ئولسە ئىشى،
خۇدا رەھمەتىدىن ئىراق ئول كىشى.
رەسۇل ئايدىلار: تاڭلا مەھشەر ئارا،
ھەمە بەندە ......... مەلامەت ئىتەر.
ئۇشۇل كۇندە خۇمار ئىلەنۇ بۇتپەرەست،
بارار ھەق قاشىغە ئىكەۋ ھەم نىشەست.

## تەئام يىمەكدە تۆرت فەرز باردۇر، ئانىڭ بەيانىدە

يېمەك فەرزدۇر دەفئ ھەلاك،
يېماغلىغدە تۆرت فەرز بار، بولمە شاك.
بىرىدۇر يېمەسە مەگەركىم ھەلال،
يەنە بىركى رىزقىن بېرۇر ھەقئەئال.
يەنە ھەرنە بەرگەنغە بولسە رىزا،
يەنە تەئام قۇۋۋەتى بار ئاڭا.
خۇداۋەندە ھەرگىز گۇنەھ ئەتمەسۇن،
گۇناھ ئىلە نامە سىياھ ئەتمەسۇن.
ئېرۇر سۇننەتى كۆپ خۇدايى جەھان،
ئەگەر خاھلاسە بىر ـ بىر ئەتسەم بەيان.
بىرى قول يۇماقدۇر تەئامدىن بۇرۇن،
مۇنى ئىككى قول بەندىدىن باشلاسۇن.
بىرى ئولكى كەفشىن ئاياغدىن ئالىپ
ئوتۇرسۇن تەۋازئدە باشىن سالىپ.
بۇيۇماق فەقىرلىكنى دەفئ ئەيلەگەي،
كەتۇرگەي غەنالارنى نەفئ ئەيلەگەي.
ئەگەر قولى پاك ئېرسە بىقالۇ قىل،
تەئامدىن بۇرۇن ھاجەت ئېرمەس دېگىل.

ئەگەر يۇسە قول خۇبكىم جايى پاك،
ئارتسۇن قولىن، تۇرماسۇن ئابناك.
تەئامدىن كېيىن ھەم سۇنەندۇر يۇماك،
خۇدا پاكدۇر، دۇستدۇر ئاڭا پاك.
بوسۇن مۇندە مىقدارى ئالايىشى،
كى سۇننەتكە ئولسۇن مۇۋافىق ئىشى.
بۇ غۇسل ئەتكەنى دەفئ ئەيلەر لەمەم،
جۇنۇن يا سەغىرە گۇنەلەر ئەدەم.
يۇگەن سوڭرە مەسىھ ئەيلەسۇن باشغە،
بىلەكلەرىنى ھەم ئىچۇ تاشغە.
پەيەمبەر دېدىلەركى: بەئدەت ــ تەئام،
ۋۇزۇ ئەيلەسۇن ئۇشبۇ ئېرمىش مەرام.
بۇ سۆزلەر بارى شەرئە ئىچرە سەرىھ،
ئېرۇر كۆپ فەتاۋى كىتابدە سەھىھ.
يەنە سۇننەت ئولكىم قويۇپ يەرغە زەرف،
سالىپ سۇفرەغە قىلسە ھەر كىمگە سەرف.
خۇسۇس سۇفرەكىم رەڭگى بولسۇن قىزىل،
ئانى ھەر بىرى لۇقمەسىغە دېگىل.
ئانى جايى جەننەتى ئەئلا بولۇر،
يەنە ھەزرەت ئىيساغە جارا ئۇلۇر.
چۇ فارىغ ئەگەر بولسە ئول ئەكلدىن،
تاپار ھەججى ئۇمرە سەۋابىن يەقىن.
ئەتا قىلدى گۇيا مىڭ ئاچغە تەئام،
گۇناھى بەدەندىن تۆكۇلغەي تەمام.
«ئەجايىب مۇھىممات» ئارا بار تەمام،
بۇ مەجمۇئ قەۋلى رەسۇلى كىرام.
يەنە سۇننەت ئولدۇركى زەرفۇ ۋەسىئ،
يىغىلسۇنلار ئاندە شەرىفۇ ۋەزىئ.
ئىلىك كۆپ ئەگەر داخىل ئولسە تەئام،
مۇبارەك بولۇپ بەركەت ئەيلەر مەقام.
خۇداۋەندە مەھبۇبىدۇر ئول تەئام،
كى زەرفىغە كۆپ كىرسە دەستى ئەنام.
يەنە زەرف بولسۇن سەفال ياكى چۇب،
بىرىنجۇ مىس ئەر بولسە مەكرۇھ كۆپ.
ۋە لېكىن «ئەجايىب مۇھىممات» ئارا
دېدى بولدى پىلھال فەتۋى مۇڭا.
ئەگەر بولسە ئول زەرف قەلئىلاغان،
كەراھەت كۆرىلغاي ئاندىن ھەمان.
ۋە لېكىن ئېرۇر خاسىيەتلىك سەفال،
دېدىلەر رەسۇلى خۇدايى تەئال.
بۇ سۆز ھەزرەت مەۋلەۋىي شەمسىددىن،
دېدى مۇختەسەر شەرھى ئىچرە يەقىن.
ئەگەر زەرف يا نۇقرەدۇر يا تىلا،
ھەرامدۇر يېمەك ئىچىدە ئول ئەنا.
رەسۇل ئايدىلار: يېسە ئاندە تەئام،
ئىچىدە بولۇر دەۋزەخ ئوتى تەمام.
رەسۇلدىنكى بەئزىلەرى قىلدى نەقل،
كى سۇننەت تەئام ۋەقتى سىر گاۋۇ بەقل،
رەسۇل ئايدى: «ئەننەھلى نەئمۇل ئەدام»،
تەئام ۋەقتى سىركە كەتۈرۈڭ مۇدام.
رەسۇل ھەر كىشى ئىچسە سىركە دېدى،
باشىدە فەرىشتە قىيام ئەيلەدى.
فەراغەت ئوشۇل ئەكلدىن بولغۇچە،
گۇناھىن خۇدادىن تىلەر ئۆلگۇچە.
يەنە ئولكى مايىل تەئامغە بولۇپ،
ئوتۇرسۇن باشىنى قويىراق سالىپ.
ئوتۇرسۇن ئېتىپ ئوڭ ئاياغنى نەسەب،
چەپىن ئۇستىگە ئاليە قويسۇن فەھەسب.
تەئام ۋەقتى گەر ئەيلەسە ئىتتەكا،
مۇباھدۇر ئالار كىبىردىن بولماسا.
يەنە ئولكى تويماي تۇرۇپ تۇئمەدىن،
كۆتەرسۇن قولىن دېدى ئەھلى يەقىن.
يەنە ئولكى تا ئىشتەھا كەلمەسە
كى يەئنى يۇرەكى كۆپ ئاچ قالماسە.
نېچۇككىم كىشى توقلۇق ئۇزرە تەئام،
يېسە دوست تۇتماس گۇرۇھى كىرام.

بۇلارلار فەرىشتە بارى دۇشمەنىي،
بولۇر كۆڭلى كۆپ قاتىغ ئۆز دەنىي.
ئەگەر ئاچ بولغاندە يەر ھەر كىشى،
تەبىبلەرغە ھېچ ۋەقت تۇشمەس ئىشى.
يەنە سۈننەت ئەتتى رەسۇلى خۇدا،
قارىلاردىن ئولماق تەئام ئىبتىدا.
يەنە باشلاسۇن ئەھلى فەزلۇ كامال،
مەشايىخلارۇ ساھىبۇ قالۇ ھال.
يەنە گەر تەئام يېسە جەمئى بىلەن،
قولىن ئالماسۇن ئىلگەرى جەمئىدەن.
پەيەمبەر ئەلەيھىسسەلات ۋەسسەلام،
قولىن بارچەدىن بەئد ئالاتتى تەئام.
يەنە نەفرەتى تەبئ بولمىش سۇخەن،
تەئام ۋەقتى ئاچماسۇن ئاگا دەھەن.
كى يەئنى ئۆلۈك يا نىجىس يا كەسەل،
بۇلاردىن كەلام ئايتماسۇن بۇ مەھەل.
يەنە تۇرماسۇن قەرد ھاجەت يېمەي،
كى يەئنى تەئامنى تەمام ئەيلەمەي.
بۆلەك نەرسەغە بولماسۇن مۇشتەغىل،
ئەگەر شۇغل ئەتسە كەراھەت دېگىل.
دېدى شەرئە ئىچرە تەئامۇ نەماز،
ئىكەۋ ئىتتىفاقا مەئەن كەلدى باز.
قويۇڭ ئىلگەرىراق تەئامغە قەدەم،
بۇدۇر قەۋلى مۇختارى ئىندەل ـ ئەدەم.
مەگەر ۋەقت نەسىق يا جامائەت كېتەر،
بۇ دەمدە شۇرۇئنى نەمازغە ئېتەر.
ئىمامىكىم ئىدى فىقھ ئارا بىنەزەر،
بۇ بابەتدە بىر سۆزنى كۆپ ياخشى دەر.
كى گەر نەفسى تۇئمەغە مۇشتاق ئەمەس،
تەئام تۇرسە ھەم ھېچ زەرەر ئەيلەمەس.
بۇ سورۇندە ئەۋلا ئوقۇماق نەماز،
خۇدايى تەئالاغە ئايتماق نىياز.
ۋەگەر ئىشتىھا نەفسدە بولسە كۆپ،
ۋەيا تۇرسە قالغاي تەئام كۆپ ساۋۇپ.
بۇ سۇرەتدە ئەۋلا يېمەكلىك تەئام،
دېدى شەرئەنى شەرھىدە بۇ كەلام.
يەنە ئەكلىدىن فارىغ ئولغان زەمان،
ھەنۇز ئالدىدە بولسە دەستۇرخان.
تۇرۇپ كەتمەسۇن بەلكى بولسۇن سەبۇر،
كى تا ئەيلەسۇن دەستۇرخاننى دۇر.
يەنە كەلسە گەر ئەكل ۋەقتى كىشى،
رەۋا يوق ئانىڭچۇن بولار تۇرمىشى.
يەنە بولسە بىر ئادەمى خانىدە،
ئەگەر كەلسە ھەركىم مۇنى يانىدە.
بۇ كەلگەنغە ئول تۇئمەدىن بەرمەسۇن،
مەگەر ساھىبى تۇئمە ئىزن ئەيلەسۇن.
ۋە لېكىن خەزانەدە بار بۇل خەبەر،
بۇ بابدە تەئەممول ئېرۇر مۇئتەبەر.
يەنە يېمەسۇن يولدە يا تىك تۇرۇپ،
يەنە يول يۈرەر ۋەقتىدە يا يۈرۈپ.
كىشى تويگەن ئۈستىگە يېسە تەئام،
ھەرامدۇر بۇ فەۋقى شەبئ ۋەسسەلام.
تەئام يېسە فەۋقى شەبئ ھەر قايۇ،
بۇلادۇر بەرەس ھەم غەم ئەتكەي غۇلۇ.
«ئەجايىب مۇھىممات» ئارا بار سەرىھ،
پىتىپدۇر نەچە سۆز بەقەۋلى سەھىھ.
كىشى دېسە فەۋقى شەبئىنى ھەلال،
ئۇلار كافر ئەلبەتتە ئول لامەھال.
كى فەۋقى شەبئ ئولدۇر ئەتسە كامان،
يېسە ئەمدى مەئدەمغە بولغاي زىيان.
يەنە يېسۇن ئولكىم تەبەقدىن تۇشەر،
بىھىشت ھۇرى ئىينلەرى مىھرى بۇلار.
يەنە دەفئ ئەتكەي فەقىرلىقنى ئول،
يوق ئەيلەر جۇنۇنۇ بەرس ھەم بەكۇل.
جۇزامۇ ھەماقەتنى ھەم دەفئ ئېتەر،
ۋەلەد تا ۋەلەددىن بۇ ئەيبلەر كېتەر.

ئەگەر تۇشسە قولدىن تەئامنى ئالىپ،
ئەگەر پاكدۇر زود ئاغزە سالىپ.
بىنەگاھ ئەگەر تۇشسە ناپاك ئارا،
مېشىق ياكى ئىتلارغە قىلسۇن غىزا.
ئەگەر مۇنداغ ئەتمەسە شەيتان لەئىن،
يېگەي ئول تەئام دېدى ئەھلى يەقىن.
يەنە سۇننەت ئولكىم ئىلىكلەرىنى،
يالاپ خۇب ئالسۇن يوقۇ بارىنى.
بەلىھ ماي ئەگەر قىلسە لەتتەغە پاك،
بۇ ئىسرافدۇر فىئلى شەيتانى شاك.
بۇ سۆز «دۇررى بەيزا»دە قىلغىل تەلەب،
رەسۇل سۇرخ ئېتەردى ئىلىكنى يالاپ.
يەنە سۇننەت ئولكىم تەبەق كاسەنى،
يالاپ قولۇ تىل بىرلە قويسە ئانى.
دېدىلەر رەسۇلى بەشىرۇ نەزىر،
رەسۇلى جىنۇ ئىنسۇ خۇردۇ كەبىر.
مۇناجات ئېتىپ ئول تەبەق بەر دەۋام،
خۇدادىن گۇناھىن تىلەيدۇر مۇدام.
يالاغان سوڭىن سۇ سالىپ ئەندەكى،
يۇۋۇپ ئىچسە ئول سۇنى بىل بىشەكى.
كى گۇيا بىرەر قۇلنى ھۇر ئەيلەدى،
سەۋابىن بۇ ياڭلىغ پەيەمبەر دېدى.
كىشى سەرقۇتىدىن ئەبا ئەتمەسۇن،
كى بەس خۇردەنى يەئنى ئەيب ئەتمەسۇن.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدايى جەلىل،
ئېرۇر سۇرى مۇئمىن شىفايى ئەلىل.
يەنە مەغفەرەت ئەيلەغەي ھەق ئانى،
يەنە دەفئ ئېتەر بەئزۇ كىبرۇ مەنى.
يەنە سۇننەت ئولكىم تەئامدىن كېيىن،
خىلال ئەيلاماقنى بەيان ئەيلەيىن.
دېدىلەر رەسۇل: ھەركىم ئەيلەر خىلال،
ئانى بىرلە ئىمان بولۇر بىزەۋال.
يەنە تىشنى ئەتكەي سەھىھۇ قەۋى،
يەنە رىزق كەلگەي ئاڭا نەۋۇ نەۋى.
دېدى ئىبنى ھەززەت ئۇمەر: ھەر كىشى
خىلال قىلماسە سۇست ئولغاي تىشى.
دېدى شەرئە ئىچرە نەچە نەرسە بار،
خىلال ئەتمەسۇن ئول بىلەن زىنھار.
مۇرۇدۇ يوڭۇ ھۇققەنى ئۇستىخان،
ئانارۇ سۇپۇرگۇ ۋە مازۇ يامان.
يەنە چۆبى رەيھانۇ ھەم چۆبى گۇل،
يەنە چۆبى ئەنجىرۇ يولغۇن دېگۇل.
يەنە چۆبى كەشنىزۇ تېمۇر بىلە،
يەنە خارۇ سۇرخىز خەرلۇخ ئىلە.
يەنە بەندە بول جۇملەدىن نەھيى تام،
قىلىپدۇر پەيەمبەر ئەلەيھىسسەلام.
ئانى ھەر بىرىغە دەلىلۇ سەرىھ،
بىتىپ «شەرھى شەرئە»دە جۇملە سەھىھ.
يەنە بەچچەئى ياشلار ئاغزۇ قولىن
يۇماي ياتسە ئافەت يەتۇرگەي لەئىن.
يەنە سۇننەت ئولكىم تەئام قارنى پۇر
بولۇپ ياتماسۇن كۆڭلى قاتتىغ بولۇر.
دېسۇن زىكر يا دەرس تەكرار ئېتىپ،
بۇلار بىرلە ئەشكەمنىكىم بار ئېتىپ.
يەنە ئىنساب ئولدۇركى كۆپ ئەشكەمىن،
تولا ئەتمەسە ھەر زەمان تۇئمەدىن.
دېدىلەر پەيەمبەر ئەلەيھىسسالام:
بۇ دۇنيادە ھەر كىمكى يەر كۆپ تەئام.
قىيامەتدە كۆپ ئاچلىك تارتادۇر،
بۇ توقلۇقدىن ئول لەھزە ھەسرەت قىلۇر.
دەر ئېردى نەسىھەتدە لۇقمان ھەكىم:
كىشى بولسە توقلۇق بىلەن مۇستەقىم؛
كېتەر كۆڭلىدىن فەيزىيۇ ھېكمەتى،
بۇلار كاھىلۇ قالماغاي تائەتى.
دېدىلەر رەسۇلى خۇدايى دۇرۇد،
جەھاندە نە خۇش ئىشكى تاپگەي ۋۇجۇد.

ئانى بائىسى ئاچلىك بىگۇمان،
يەنە ھەرنەكىم دۇنيادە بار يامان.
ئانى بائىسى كۆپ يېمەكلىك ئېرۇر،
يەنە لەغۋە سۆز كۆپ دېمەكلىك ئېرۇر.
يەنە ئەقلنى ساق ئېتەر ئاچلىك،
كۆڭۇل ئاقۇ شەففاب ئېتەر ئاچلىك.
يەنە سۇننەت ئۇلكىم يېمەسۇن تەئام
يامانلار بىلە، قىلماسۇن ھەم كەلام.
يامان سۇھبەتىدىن قاچىڭ بىدەرەڭ،
ئالار بىرلە ئولتۇرماغە ئەيلە نەڭ.
دېدى «رەۋزە» ئاتلىغ كىتابدە كىشى:
گۇناھى كەبىرەدۇ ئەگەر قىلمىشى.
ئانى بىرلە بىردەم مۇساھىب بومەك،
گۇناھى كەبىرەدۇ بىرەيىۇ شەك.
يامانلار بىلە سائەتى يۇرمەڭىز،
ئالار سۇھبەتىدە دەمىي تۇرماڭىز.
دېدى شاھى لەۋلاك خەيرۇل - بەشەر،
كى سۇھبەت مۇقەررەردۇر تەئسىر ئېتەر.
ئەگەر ياخشىلار بىرلە قىلسە مەقام،
بولار بىل خەير ياخشىۋۇ نىكنام.
يامان سۇھبەتىدىن يامان بولغۇسى،
ئالار فىئلى مۇندە ئەيان بولغۇسى.
يەنە سۇننەت ئۇلكىم تەئامنى ئىسىغ
يېمەسۇنكى بولادۇر رەڭگى سارىغ.
بولار زېھنى ھەم پەست، كۇتاھ دەم،
تەنىدە ئەيان بولغۇسى دەردۇ غەم.
يەنە سۇننەت ئۇلدۇركى ئاشقە ئەگەر
تۇشەر پەششەئى سۆز بۇدۇر مۇختەسەر.

بېرىڭ غۇتە ئول پەششەنى ئاشقە
ئالىپ خۇب ئىمىپ تاشلاڭىز تاشقە.
نېدىنكىم پەيەمبەر ئەلەيھىسسەلات،
دېدىلەر: ئاڭا زەھردۇر بىر قانات.
بىرىدۇر ئانى دارۇسى بار يەقىن،
سالۇر ئاشقە زەھرەلىق ئەۋۋەلىن.
چۇ بىر غۇتە بەرسەڭ ئوشۇل زەھر دەفئ،
بولۇر ئەتكۇسى ئاش ئىچكەنگە نەفئ.
يەنە سۇننەت ئۇلدۇركى قەبل ئەز تەئام،
تەئەۋۋۇزۇ تەسمىيە دېسۇن مۇدام.
ئېرۇر ئەۋلا دېمەك ئىكەۋنى بەلەند،
كى ھەمراھلار شايەد ئەر ئالسە پەند.
ئەگەر دېمەسە ئول بەلىسى لەئىن،
بەشىركەت يېگەي ئول تەئامنى يەقىن.
مۇنى دېسە شەيتان نەكىم يەپ ئىكەن،
قىلىپ قەي تاشار ئاغزىدىن ئول زەمان.
ئەگەر ئەۋۋەلەن بار ۋەقت تەئام،
فەرامۇش بولۇپدۇر ئىكەۋى تەمام.
نە ۋەقتىدەكىم تۇشسە ئول ئېسىگە،
دېسۇن بىسمىللا ئەۋۋەلۇ ئاخىرە.
تەئامى ھەلالغە ئېرۇر بۇ سۇخەن،
ھەرامغە ئەگەر دېسە ئاسىي ئولەن
يەنە سۇننەت ئۇلدۇركى بەئدەز تەئام،
ئوقۇسۇن «لىئىلافى»، «ئىخلاس» مۇدام.
يەنە دېدىلەر رەھمەتەن - ئالەمىن،
كىشى بۇ دۇئانى تەئامدىن كېيىن.
ئوقۇسە گۇناھى سەغىرۇ كەبىر،
بارىنى قىلۇر ئەفۇ ھەيىي قەدىر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

ھاجى ئىمىن بېگھەسارى

# شىكايەت*

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان روزىمۇھەممەت، بۇۋىمەريەم شېرىپ خوشتار

ئەي بەرادەرى ئەزىزلەر، قاراپ باقسام سالىم ئەللىكدىن ئاشىپدۇر، ساقالىم تەمام ئاقارىپدۇر، تىشلىرىم تۆشۈپدۇر. مەن گۇمراھ غەفلەتدىن بىيدار بولماي ئۇخلاپ ياتىپدۇرمەن. قولۇمدا ئاخىرەت تەرىپىگە ھېچ ئوزۇقنىڭ ئەسلا تەئيىنى يوق، ئۆلۈم يادىمدا يوق. ئەللاھتەئالانىڭ ئەمرىن قىلماي قەلەندەر سىفەت دۇنيانى ئىزلەپ قوتار ئېشەك سىفەت ئىشلەپدۇرمەن. مەندە نى نەماز ۋە نى روزە زەكات. ھەقتەئالانىڭ ھوزۇرىغە ئالىپ بارادىغان بىر نېمەرسەنىڭ تايىنى يوق، قارىسام ئەجەل باشىمغە كېلىپ پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپدۇر، ۋاھەسرەت شۇنداغ غەنىمەت ياشلىقىمنى غەفلەتدە ھەۋايى ھەۋەس بىرلە بەرباد بېرىپدۇرمەن. تەن سىھەتلىك ۋەقتىمدە خۇدانىڭ ئەمرىن قىلماپدۇرمەن، يۈزمىڭ ھەسرەت ـ نادامەت بۇ دۇنيادىن يۈزۈم قارا كېتىپ قالدىم. مەن ئۆلسەم، ئەي خىش ـ ئەقرىبارلار، يار ۋە بەرادەرلەر، ۋە بالا ـ چاقىلەر مەنى گۇمراھغە يىغلاپ زار تەزەررۇئ قىلماڭلار، مېنىڭ ناپاك تەنىمنى ئاياغ ئاستىغە تاشلاپ خار تۇتۇڭلار، مەن گۇمراھنىڭ كەفەنىمنى ئاقدىن قىلماي قارا بۆزدىن قىلىڭلار. مەن ئۆلسەم يىغلاپ فەرياد قىلماڭلار. مەن بولسام بۇ دۇنيادا ئەللاھتەئالانىڭ ئەمرىن قىلماي يامان ئىشلارنى قىلىپ غەفلەتتە ئۆتۈپ كەتتىم، ئاھ ھەسرەت، يۈزمىڭ نەدامەتدە كېتىپ قالدىم.

مەن ئۆلسەم، ئەھلى ئەۋلاد، قىلماڭىز زار،
مېنىڭ ناپاك تەنىمنى ئەيلەڭىز خار.
ئاياغ ئاستىغە تاشلاڭلار تەنىمنى،
قارا بۆزدىن قىلىڭلار كەفەنىمنى.
ماڭا لايىق ئەمەسدۇرلار بۇ ئاق تون،
رەفىقىم ئېردىلەر شەيتانى مەلئۇن.
ماڭا بۇ نەفسى شەيتان بولدى ھەمراھ،
ئۇرۇپ يولدىن مېنى ئول قىلدى گۇمراھ.

يامانلاردىن يامان يۈزى قارامەن،
جەھاندا نەفس ئىتدەك مۇبتەلامەن.
مۇدام ئىزلەپ بۇ نەفسىمنىڭ مۇرادىن،
ھەمىشە نەفس كويىدا گەدامەن.
بۇ راس يولدىن يامان يولغە ئاداشقان،
ئەجەبمۇ بەدنىيەت يۈزى قارامەن.
قەلەندەرمەن بۇ نەفسىمنىڭ كويىدا،
يارانلار، نەفس كويىدا گەدامەن.
ئارا يولدا قالىپ بىمار بولغان،
ھارىپ قالغان بۇ يولدا بىنەۋامەن.

خۇدايا، تەۋبە قىلدىم بۇ قولۇم ئال،
ھىدايەت قىل مېنى بىر ياخشى يول سال.

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

تەرەھھۇم قىل ھىدايەت يولىغە سال،
بەھۇرمەتى كەرىم ئىسمىڭ قولۇم ئال.
كەرىم ئىسمىڭ سىفاتىڭ ھۇرمەتىدىن،
كەچۇرگەيسەن يامان بۇ فىئلى ئەفئال.
گۇناھىمنى كەچۇرگەيسەن، خۇدايا،
غەرىبنى روزى مەھشەر قىلماغىل زار.

يانا بۇ ئەرش كۇرسى ھۇرمەتىدىن،
زەمىنۇ ئاسماننىڭ ھۇرمەتىدىن،
ھەبىبىڭ مۇستەفانىڭ ھۇرمەتىدىن،
بەھەققى چەھاريارلار ھۇرمەتىدىن،
جەمىئى ئەنبىيالار ھۇرمەتىدىن،
شەھىدى كەربالارنىڭ ھۇرمەتىدىن.
خۇدايا، سەن كەچۇرگەيسەن گۇناھىم،
ئۇشۇل ئادەم ئاتانىڭ ھۇرمەتىدىن.
ئېرۇرسەن جۇملە ئالەم پادشاھى،
«زەلەمنا رەببەنا»نىڭ ھۇرمەتىدىن.

تەرەھھۇم ئەيلەگىل، ئەي خالىقى تاق،
مېنىڭدەك ناتەۋاننىڭ ھالىغە باق.
خۇدايا، تەۋبە قىلدىم، تەۋبە قىلدىم،
ئۇشۇل مەھشەر كۇنى قىلغىل يۇزۇم ئاق.
ئىمىن ھاجى خۇداغە يىغلا دائىم،
مۇدام ماتەمدە بولغىل يۇرمەگىل ساق.
ئىمىن ھاجى بۇ غەفلەتدىن كۆزۈڭ ئاچ،
يامانلار سۇھبەتىدىن سەن نارى قاچ.

ئىمىن ھاجى مۇدام يىغلاپ نەۋا قىل،
سەھەر بىدار بولۇپ كۆپ ئىلتىجا قىل.
ئۇلۇغ زاتىڭ سىفاتىڭ ھۇرمەتىدىن،
غەرىبنىڭ ئۇشبۇ ھاجاتىم رەۋا قىل.
ئىمىن ھاجى خۇداغە زار يىغلاپ،
يانا ھەق دەپ كېچە كۇندۇز سادا قىل.
ئىمىن ھاجى مۇدام يىغلاپ خۇداغە،
قولۇڭ ئاچىپ مۇدام يىغلاپ دۇئا قىل.

ئىشىتىڭلار سۆزۈمنى، ئەييۇھانناس،
يانا سىررىمنى بىر - بىر ئەيلەيىن فاش.
ئىشىتىپ بۇ سۆزۈمنى، ئەي خەلايىق،
قايەردە كۆرسەڭىزلەر ئاتىڭىز تاش.
كى مەن ئېردىم يانا يالغانچى فاسىق،
دىلىم ئېرمەس ئېردىلەر بەلكى سادىق.
قىلۇر ئېردىم مۇدام ھاسىدۇ غەيبەت،
خەلايىقنى قىلۇر ئېردىم شىكايەت.
مېنىڭدەك بىر يامان يوقدۇر جەھاندا،
ئۆزۈم ئېردىمكى فاسىق بەلكى گۇمراھ.
تۇتۇپ باغلاپ مېنى ئەمدى ئۇرۇڭلار،
قارا سۇرتۇپ يۇزۇم دارغە ئاسىڭلار.
خۇدا ئەمرىنى قىلماي ئەرتەۋۇ كەچ،
يۇزۇم بولدى قارا غەفلەتدە يۇرگەچ.
قاچىپ يۇرگەن ھەمىشە ئەمرى ھەقدىن،
ئوقۇماغان يانا ياخشى سەبەقدىن.
بولۇپ نەفسىمغە ئۇلفەت يول ئاداشقان،
ئەجەب كۆڭلى قارامەن ئەقلى قاچقان.
تۇتۇپ شەيتانغە قولۇمنى بەرگەن،
كى بوستاننى قويۇپ بىر چۆلگە كىرگەن.
تەكەببۇر تەۋقىنى بوينۇمغە ئاسقان،
ھىدايەت يولىدىن مۇتلەق ئاداشقان.
ئۆزۈم تۇججار زەمان دەپ ئادەم ئەتكەن،
بۇ دۇنيادىن فەقەت غەفلەتدە كەتكەن.
بۇ مالنى بۇت قىلىپ باشىمنى ئۇرغان،
بۇ شۇم نەفسىم توزاقىغە ئىلىنغان.

كىيىپ ياخشى ماتالاردىن ئىگىننى،
سالىپ قولغە مۇدام ئالتۇن نىگىننى.

باغى ئالتۇن كۆزى ياقۇت ئۆزۈكنى،
مۇدام ئىلغاپ ئالىپ رەڭگى سۈزۈكنى.
قارا ساچلىق، كۆزى شەھلا، قارا قاش،
ئالىبان دائىما لەبى سۈزۈكنى.
كى سەير ئەيلەپ جەھاننىڭ باغلارىنى،
يەبان يۇردۇك مۇدام بۇ خام ئۆرۈكنى.
بېرىپ دىلنى جەھان رەئنالارىغە،
قىلىپ جەبرى ئۆزۈمنىڭ جانلارىغە.
جەھان رەئنالارىغە بەرمە دىلنى،
ئۆزۈك دەپ سالماغىل سەن بۇ ئىگىننى.
ۋەفا قىلماس جەھان رەئناسى مۇتلەق،
كىيەرمىز ئاقىبەت بۇ بۆز ئىگىننى.

كۆزۈڭنى ئاچ، ئايا، ھۇشيار بولغىل،
بۇ غەفلەتدىن، ئايا، بىدار بولغىل.
سەھەرلەردە خۇداغە زار يىغلاپ،
بەرادەرلەر، ئۇشۇل غەمدىن قۇتۇلغىل.
سەھەرلەردە خۇداغە ئىلتىجا قىل،
قولۇڭ ئاچىپ مۇدام يىغلاپ دۇئا قىل.
ھەمىشە يالبارىپ قادىر خۇداغە،
كۆزۈڭ ياشىن تۆكۈپ يىغلاپ نەۋا قىل.
ئىمىن ھاجى، بۇ دەردىڭگە دەۋا يوق،
مۇدام يىغلاپ يانا قەددىڭ دۇتا قىل.

* * *

ئاچىلغان گۈل سۇلۇرلار بىر نەفەسدە،
بۇ جان بىلسەڭ، يارانلار، بىر قەفەسدە.

جەھان رەئناسىدا يوقدۇر ۋەفا بىل،
مۇدام يىغلاپ خۇدانىڭ ئەمرىنى قىل.
جەھان رەئناسى سائەتلىك ئارامدۇر،
ئاڭا دىل بەرگۈچىنىڭ ئەقلى كامدۇر.
جەھان باغىدا گۈللار ئاچىلىپدۇر،
قاراپ باقسام نەفەسدە ئول سولۇپدۇر.
كېلىپ بادى سەبا تەگسە شاخىغە،
تۇرۇش بەرمەي شامالغا ئول تۇزۇپدۇر.
تەمام گۈللار بولۇر ئاخىر تۇمان بىل،
كۆزۈڭ ئاچغىل، ئايا، ھەق ئەمرىنى قىل.
ھاياتلىقغە ئۆلۈم باردۇر كۆزۈڭ ئاچ،
بولۇپ ھۇشيار، ئايا، سەن ھەق تەرەف قاچ.
كېلۇر ئاخىر ھاياتلىققە زەۋاللىق،
بولۇپ غافىل، ئايا، قىلما نادانلىق.
بۇ ياشلىغ بىر بەھار، سەن قەدرىنى بىل،
بەھار ۋەقتىدە ئەمرى ھەقنى تېز قىل.
ئىبادەت قىل بەھاردە تاشغە مۇھر باس؛
قىرىغاندا، ئايا، سەن قۇمغە مۇھر باس.
بۇ تاش ئۈستىدەكى خەت ئەسلا كەتمەس،
بۇ قۇمغە ھەر نېچۈك خەت قىلسە تۇرماس.
ئۆزۈڭنى توختاتىپ قىلغىل سۆزۈڭنى،
ئايا غافىل، يانا ئاچغىل كۆزۈڭنى.
بەھارىستان ھەمىشە بولمىغايلار،
شاخىدا ئاچىلىپ گۈل تۇرمىغايلار.
چىقىپ كېتەر بەھار، كىردى بىلىڭ كۈز،
كۆزۈڭ ئاچ ئۇيقۇدىن ئەمدى ئۆزۈڭ تۈز.
شەمالى كۈز تېگىپ يافراغ قۇرۇتقاي،
خەزان ئەيلەپ سېنى يەرگە يىقىتقاي.
زىمىستانغە ئۆزۈڭنى ئەيلە تەييار،
مۇدام ھالىڭغە يىغلا، ئەي نىكۇ ھال.
ئىمىن ھاجى خەتەرناكدۇر بۇ يوللار،
بۇ ئۇيقۇدىن ئىمىن ھاجى كۆزۈڭ ئاچ.
ئايا كۆڭۈل قارا ھالىڭغە يىغلا،
سەھەر بىدار بولۇپ يۈرەكنى داغلا.
ئىمىن ھاجى ئۆزۈڭنى ئەمدى چاغلا،
سەفەر ۋەقتىڭ يەقىن بېلىڭنى باغلا.

* * *

ئەزىز ئۆمرۈم گۇناھ بىرلە ئۆتۈپ كەتتى مېنىڭ، يا رەب
مېنىڭدەك ئاسىي گۇمراھغە ئۆزۈڭ رەھم ئەيلەگىل، يا رەب.

گۇناھ ئاستىدە قالدىم مەن، ئەجەبمۇ يول ئاداشتىم مەن،
ئەجەب ھەيران بولۇپ قالدىم ماڭا ھادىي ئۆزۈڭ، يا رەب.

ماڭا رەھم ئەيلەگىل، ئەي شاھ، كەرەملىك ئەي خۇداۋەندا،
بەھەققى ھۆرمەتى قۇرئان ئىچىندە ئۇشبۇ بىسمىللاھ،
بەھەققى ھۆرمەتىدىن، ئەي خۇدايا، بۇ كەلامۇللاھ،
ئەۋۋەل ـ ئاخىر مېنىڭ فۇشتى پەناھىمسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

بەھەققى ھۆرمەتى سۈرە «بەقەر» ئۇل سۈرەئى «تاھا»،
كەچۈرگەيسەن گۇناھىمنى، خۇدايا، ئەي خۇداۋەندا،
كەچۈرگەيسەن بەھەققى ئۇشبۇ «سۇبھانەللەزى ئەسرا»،
بەرھەقسەن خۇداۋەنداۋۇ ئەھەدسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

بەھەققى ھۆرمەتى «ئىننا فەتەھنا»، سۈرە «ئەر ـ رەھمان»،
زەمىنۇ ئاسمانغە، جۇملە ئالەمگە ئۆزۈڭ سۇلتان،
مۇھەممەد مۇستەفاغە يەئنى نازىل ئەيلەدىڭ قۇرئان،
زەمىنۇ ئاسماننى يەئنى بەرپا ئەيلەدىڭ، يا رەب.

بەھەققى ھۆرمەتى «ئەلھەمدۇلىللاھ» سۈرەئى «يا سىن»،
ھەبىبىڭنىڭ يانا بىر ئىسمى ئېردىلەر ئەبۇلقاسىم.
ھەمىشە زار يىغلاپ تۆكمىتدىمەن ئۇشبۇ كۆز ياشىم،
مېنىڭدەك پۇرگۇناھ فەزلىڭگە ئالغايسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

سېنىڭ رەھمانۇ رەھىم ئىسمىڭ كەرىمدۇر، ئەي خۇداۋەندا،
بەھەققى ھۆرمەتى قۇرئان ئىچىندە سۈرەئى «كاف ھا»،
بەھەققى ھۆرمەتى دوستۇڭ مۇھەممەد ئۇل رەسۇلىللاھ،
مۇھەممەد ئۇممەتى بىز رەھم قىلغايسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

بەھەققى ھۆرمەتى سۈرە «تەبارەك»، ئەي خۇداۋەندا،
كى بار قۇرئان ئىچىندە سۈرە «ۋەششەمسى»، «ئىزا يەغشا»،
ساڭا مانەند يوق ئەرزۇ سامادا، ئەي خۇداۋەندا،
ئۆزۈڭ قادىر، ئۆزۈڭ قەھھار، ئۆزۈڭ ۋەھھاب، كەرىم، يا رەب.

ئۆزۈڭ رەھمان، ئۆزۈڭ سۇبھان، ئۆزۈڭ سۇلتان، خۇداۋەندا،
ئۆزۈڭ ھەننان، ئۆزۈڭ مەننان، ئۆزۈڭ بۇرھان، خۇداۋەندا،

ساڭا مانەندە يوق ئەرزۇ سامادا، ئەي خۇداۋەندا،
بۇ بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىمنىڭ ھۇرمەتى، يا رەب.

سىنىڭ توقسان يانا توقۇز ئىسمى سىفاتىڭ ھۇرمەتى، ئەي شاھ،
كەچۇرگەيسەن گۇناھىمنى خۇدايا، ئەي خۇداۋەندا،
گۇناھ بىرلە ئۆتۈپ كەتكەن مىنىڭ ھالىمغە ۋاۋەيلا،
تەرەھھۇم ئەيلەگىل مەندەك غەرىب قۇلغە ئۆزۈڭ، يا رەب.

نې ھەددىمدۇر بۇ سۆز يازماق مىنىڭدەك ئاسي گۇمراھغە،
قولۇمغە بۇ قەلەم ئالدىم تەۋەككۇل قىلدىم ئاللاھغە،
تەفەككۇر ئەيلەدىم دائىم تەۋەججۇھ قىلدىم ئول شاھغە،
دىلىمغە ئەيلەدىڭ ئاسان بۇ سۆزلەرنى ئۆزۈڭ، يا رەب.

غەرىب ھاجى ئىمىن گۇمراھ بۇ سۆزلەرنى يازىپ ئۆتتۇم،
كى يۈز مىڭ داغ بۇ دۇنيادىن ئەجەب كۇلفەت بىلەن كەتتىم،
خۇدانىڭ ئەمرىن قىلماي ئەجەب ئىللەت بىلەن كەتتىم،
گۇناھىمنى كەچۇرگەيسەن ئۆزۈڭ رەھمان ـ رەھىم، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىب مىسكىن بۇ سۆزلەرنى دېدى يىغلاپ،
سەھەرلەر قىلمىدىم تەۋبە ساڭا يىغلاپ يۈرەك داغلاپ،
خۇدانىڭ يولىغە كىرگىل ئىمىن ھاجى بىلىڭ باغلاپ،
ھىدايەت يولىغە سالغىل غەرىبلەرنى ئۆزۈڭ، يا رەب.

دۇئا ئەيلەڭ، ئىمىن ھاجى غەرىبغە، ئەي مۇسۇلمانلار،
خۇدانىڭ زىكرىن ئايتىڭ ئايا، ئەي جانى جانانلار،
خۇدا جويغە خۇدايىم ھەر نەفەسدە مەرھابا دەرلەر
غەرىبلەرنىڭ يانا فۇشتى پەناھىسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

* * *

زەمىنۇ ئاسماننى ئافەرىدە ئەيلەدىڭ، يا رەب،
ئۇشۇل شەمسۇ قەمەرنى ئافەرىدە ئەيلەدىڭ، يا رەب.

خۇداۋەندا، زەمىنۇ ئول سەمانى ئافەرىد ئەتتىڭ،
سەما ئۇستىدە بۇ شەمسۇ قەمەرنى ئافەرىد ئەتتىڭ،

سەما ئۈستىدەكى جۈملە مەلەكنى ئافەرىد ئەتتىڭ،
خۇدالىغ قۇدرەتىڭنى ئاشكارا ئەيلەدىڭ، يا رەب.

زەمىن ئۈستىدە ئىنسان جۈملە ھەيۋان ئافەرىد ئەيلەپ،
ئاقار دەرياۋۇ ئەشجار، ئابى جارىي ئافەرىد ئەيلەپ،
يانا دىۋۇ پەرىيۇ تاغۇ تاشنى ئافەرىد ئەيلەپ،
تەمام جاندارغە جان بەرگەن ھەقىقەت پادىشاھ، يا رەب.

يانا ئول ئەرشۇ كۈرسۇ لەۋھى مەھفۇز ئافەرىد ئەتتىڭ،
يانا ئول سىدرەتۇل بۇ مۇنتەھانى ئافەرىد ئەتتىڭ،
يانا جەننەت بىلەن بۇ يەتتى دەۋزەخ ئافەرىد ئەتتىڭ،
يانا قادىرلىغىڭنى ئاشكارا ئەيلەدىڭ، يا رەب.

تۇلۇئ ئەيلەپ يانا كۈن بۇ جەھاننى رەۋشەنا ئەتتى،
نەماز شامدىن كېيىن ئالەم يۈزىنى قاپقارا ئەتتى،
تولۇئ ئەيلەپ يانا ئاي تۈن كېچەنى رەۋشەنا ئەتتى،
ئۆزۈڭ قادىر، ئۆزۈڭ قەھھار، ئۆزۈڭ ۋەھھاب، كەرىم، يا رەب.

ئەجەب چوڭ پادىشاھدۇرسەنكى بىر ئىسمىڭ سىېنىڭ خالىق،
زەمىنۇ ئاسمان، شەمسۇ قەمەر، يۇلدۇز تەمام مەخلۇق،
كۆرۈپ قۇدرەتلەرىڭنى مەن ئەجەبمۇ قىلمىدىم قۇللۇق،
مېنىڭدەك ئاسىي گۇمراھغە تەرەھھۇم ئەيلەگىل، يا رەب.

سەما ئۈستىدە يۇلدۇزغە مۇقەررەب يەتتى يۇلدۇزدۇر،
ئارام ئالماي ئۇلار دائىم سىېنىڭ ئەمرىڭغە مەشغۇلدۇر،
ئۇلار تۆرت بۇرجى ئالەمنىڭ ئىشىغا دائىم ھازىردۇر،
ئۇلارگە ھەرنى ئىشنى ئەمرى فەرمان ئەيلەدىڭ، يا رەب.

مالائىكلەرگە مۇقەررەبدۇر ئوشۇل ئەزرائىل، مىكائىل،
سىېنىڭ پەيكىڭ بۇ جىبرائىل يانا سۇر قولدا ئىسرافىل،
يانا مىقائىلۇ دەردائىلۇ بىل ئۇشبۇ قەھرائىل،
ئارام ئالماي سىېنىڭ ھۆكمىڭغە مەشغۇلدۇر بۇلار، يا رەب.

خۇدايا، قۇدرەتىڭدىن بۇ زەمىننى ئافەرىد ئەتتىڭ،
كى تۇبرۇكسىز يانا بۇ ئاسماننى ئافەرىد ئەتتىڭ،

زەمىن ئۈستىدە ئىنسان، بەلكى ھەيۋان ئاپەرىد ئەتتىڭ،
ئۆزۈڭ قادىر، ئۆزۈڭ سۇبھان، ئۆزۈڭ سۇلتان، كەرىم، يا رەب.

يېمەك بۇغداي، قوناق، ئارپا، گۈرۈچ، زىغىر ياراتىپسەن،
يانا ئاتۇ كالا، قوي، نازۇ نىئمەتلەر ياراتىپسەن،
زەمىن ئۈستىدە دەريا، باغۇ بوستانلار ياراتىپسەن،
يانا رەھمان ـ رەھىم ئىسمىڭ كەرىمدۇرلار سېنىڭ، يا رەب.

ئۇلۇغ زاتىڭ سىفاتىڭ، قۇدرەتىڭگە بەلكى سەللامنا،
كى ئاجىز بەندەلەرگە ئۇشبۇ ئىھسانىڭگە سەللامنا،
كى يوقدىن بار قىلىپ بىزنى ياراتقانىڭگە سەللامنا،
تەمام ئىنسانىنى تۇفراقدىن ياراتىپسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئۇشۇل ئادەم ئاتامىزنى بۇ خاكدىن ئاپەرىد ئەيلەپ،
مەلەكلەرگە يانا سەن سەجدە قىل دەپ بەلكى ئەمر ئەيلەپ،
ئەزازىل كىبىر قىلدى ئۇشبۇ خاكدۇر بەلكى مەن نۇر دەپ،
كى مەردۇد ئەيلەدىڭ ئۇشبۇ ئەزازىلنى، كەرىم، يا رەب.

ئەزازىلنى قىلىپ مەردۇد سەمادىن قوۋلادىڭ يەرگە،
ئەداۋەت قىلدىلار مەردۇد، دۈشمەن بولدىلار بىزگە،
ھەمە ئىش بەلكى ئاساندۇر ياراتقان تەڭرىنىڭ ئۆزىگە،
كى يولدىن ئۇرماسۇن مەردۇد بىزنى ھادى ئۆزۈڭ، يا رەب.

قىلىپسەن بىزنى ئۇممەت، ئەي خۇدايا، ئول مۇھەممەدكە،
دۇرۇد ئايتىڭ كېچە ـ كۈندۈز، يارانلار، نۇرى ئەھمەدكە،
بىھەمدۇللا، قىلىپدۇر بىزنى ئۇممەت ئول مۇھەممەدكە،
ھەبىبىڭ ھۇرمەتىدىن بىزنى رەھمەت ئەيلەگىل، يا رەب.

بىھەمدۇللا، مېنىڭكى ئول خۇدايى مېھرىبانىم بار،
كى يوق يەردىن مېنى بار ئەيلەگەن ئول پادشاھىم بار،
مۇھەممەد مۇستەفا ئاتلىغ مېنىڭ قۇشتى پەناھىم بار،
مۇھەممەد ئۇممەتى بىز رەھىم قىلغايسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

مۇھەممەد ھۇرمەتىدىن ئۇممەتىنى غەرق رەھمەت قىل،
ئۆزۈڭ ھادى خۇداۋەندا غەرىبلەرنى ھىدايەت قىل،

ھەبىبىڭ ئۈممەتىگە ئاقىبەت ئىمان كەرامەت قىل،
مۇھەممەد ئۈممەتىنى غەرقى رەھمەت ئەيلەگىل، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىبى يولدا قالغان پۇر گۇنادۇرمەن،
دەۋا بەرگىل بۇ دەردىمگە، ئىلاھا، بىدەۋادۇرمەن،
غەرىبۇ بىكەسۇ بۇ يولدا قالغان بىنەۋادۇرمەن،
ئىمىن ھاجى غەرىب قۇلنىڭ، قولۇم ئالغىل ئۆزۈڭ، يا رەب.

خۇداۋەندا، سېنىڭ بۇ قادىر ئىسمىڭنىڭ تىفەيلىدىن،
يانا بۇ ئەرش كۇرسى لەۋھى ئىسمىڭنىڭ تىفەيلىدىن،
زەمىنۇ ئاسمانۇ جۇملە ئالەمنىڭ تىفەيلىدىن،
گۇناھى بەندەلەرنى ئەفۋ قىلغايسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

خۇداۋەندا، ئۇشۇل ئادەم سەفىيۇللاھ تىفەيلىدىن،
جەمئى ئەنبىيالار، ئول رەسۇلىللاھ تىفەيلىدىن،
بىھەققى ھۇرمەتى ئۇشبۇ كەلامۇللاھ تىفەيلىدىن،
ئولۇغ ئىسمىڭ سېنىڭ ھەننانۇ مەننان ھۇرمەتى، يا رەب.

سېنىڭ قىلغان بۇ نەقشىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس ھەرگىز،
تونۇتمىساڭ ئۆزۈڭنى كىم ئەقىللەر تونۇماس ھەرگىز،
قىياسقە توغرى كەلمەس بۇ سېنىڭ ئەۋسافلارىڭ ھەرگىز،
كى سەتتارۇل ـ غۇيۇبدۇرسەن بۇ ئەيىبىم ياپ ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئۆزۈڭ ۋاھىدى بەرھەقسەن دۇ دۇنيادا، خۇداۋەندا،
ساڭا مانەند ھەرگىز ئىككى دۇنيا بولماغاي ئەسلا،
كى ۋاھىدسەنكى بىرۇرسەن دۇ دۇنيادا ئايا، ئەي شاھ،
زەمىنۇ ئاسماننىڭ شاھى سۇلتانى ئۆزۈڭ، يا رەب.

سېنىڭ كى بىرلىكىڭنى بىلمىگەن ئەلبەتتە كاھىلدۇر،
ساڭا ئىمان كەتۇرمەي يۈرگۈچى ئەلبەتتە جاھىلدۇر،
ساڭا ئىنكار قىلغاننىڭ ھەمەنىڭ دىنى باتىلدۇر،
خۇدايا، جۇملەنى ئۇشبۇ بەلادىن ئاسراغىل، يا رەب.

خۇدايا، بەندەلەرنى ئەۋۋەلا ـ ئاخىر ھىدايەت قىل،
ھەبىبىڭ ئۈممەتىگە ئاقىبەت ئىمان كارامەت قىل،

زەمانى ئاخىرىدە دىنى ئىسلامنى سالامەت قىل،
ئىمىن ھاجى غەرىبغە رەھم قىلغايسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىبنىڭ سەندىن ئۆزگە پادشاھى يوق،
ساڭا ئەرز ئايتۇرۇ، سەندىن ئۆزگە دادى خاھى يوق،
خۇداۋەنداكى، سەندىن ئۆزگە ھېچ فۇشتى پەناھى يوق،
ئىمىن ھاجى غەرىبنىڭ دادىغە يەتكىل ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىبغە بىر دۇئا ئەيلەڭ، مۇسۇلمانلار،
دۇئادا ياد قىلىڭ مەندەك غەرىبنى يارۇ يارانلار،
خۇدانى ياد ئەيلەڭ كېچە ـ كۈندۈز، ئەي مۇسۇلمانلار،
خۇدايا، جۇملەگە تەۋفىق ئەتا قىلغىل ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئىمىن ھاجى قارا يۈزنىڭ تۇتۇپ قولىنى باغلاڭلار،
تۆمۈرنى قىزىتىپ يەئنى بەدەنلەرىمنى داغلاڭلار،
كېسەك بىرلە ئۇرۇپ يەئنى ئۆلدۈرمەكنى چاغلاڭلار،
ھىدايەت قىل غەرىب ھاجى ئىمىنغە ئاقىبەت، يا رەب.

بۇ دۇنيادا مېنىڭدەك پۇر گۇناھدىن بولماغاي ھەرگىز،
كى يالغانچى، ھەسەدخۇر، يۈز قارادىن بولماغاي ھەرگىز،
يانا يولدىن ئاداشقان بىنەۋادىن بولماغاي ھەرگىز،
ئىمىن ھاجى غەرىبنى يولغە سالغىل سەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىب يولدىن ئاداشقان پۇر گۇناھدۇرلار،
ئىمىن ھاجى غەرىبنىڭ دائىما ھالى تەباھدۇرلار،
كۆزۈڭ ئاچقىل، ئىمىن ھاجى، بۇ دۇنيا بىۋەفادۇرلار،
بۇ دۇنيا ئافەتىدىن مەن غەرىبنى ئاسراغىل، يا رەب.

ئۆزۈڭ ئۇيغات بۇ غەفلەتدىن ئىمىن ھاجى گۇنەھكارى،
سەھەرلەردە بولۇپ بىدار يۇرەكنى ئەيلەگىل نارى،
دەۋامى كېچە ـ كۈندۈز خۇداغە ئەيلەگىل زارى،
خۇداۋەندا، ئىمىن ھاجى غەرىبغە رەھم قىل، يا رەب.

ئايا گۇمراھ ئىمىن ھاجى، سېنىڭ ھالىڭ نېچۇك بولغاي،
سېنىڭ بۇ جان بېرۇر ھالەتدە ئەھۋالىڭ نېچۇك بولغاي،

ياماندۇر فىئلى خۇيۇڭ بەلكى ئەھۋالىڭ نىچۇك بولغاي،
كېتەر ھالدە ماڭا ئىمان ھەمراھ ئەيلەگىل، يا رەب.

ئىمىن ھاجى، سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ دائىم خەتادۇرلار،
ئۆزۈڭ ئويغات بۇ غەفلەتدىن، بۇ دۇنيا بىبەقادۇرلار،
ئىمىن ھاجى، بۇ دۇنيا ئاقىبەت جانغە جەفادۇرلار،
ھىدايەت قىل ئىمىن ھاجى غەرىب قۇلغە ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئۆزۈڭ ھادى مېنىڭدەك يولدا قالغان ئاسىي گۇمراھغە،
ئۆزۈڭنى سال، ئىمىن ھاجى، ياراتقان ئۇشبۇ ئەللاھغە،
خۇدايا، رەھم قىل مەندەك غەرىب فاسىقۇ گۇمراھغە،
ئۆزۈڭ قادىرۇ قەھھارسەن، ئۆزۈڭ غەففار، كەرىم، يا رەب.

ئۆزۈڭ رەھم ئەيلەگىل، يا رەب، مېنىڭدەك بىنەۋا قۇلغە،
يانا بۇلبۇلنى ئاشىق ئەيلەدىڭ ئۇشبۇ قىزىل گۇلغە،
سالىبان ئىشق ئوتىنى كۆيدۇرۇپ بىچارە بۇلبۇلغە،
قىزىل گۇل ئىشقىدە بۇلبۇلنى ھەيران ئەيلەدىڭ، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىبغە بىر دۇئا ئەيلەڭ، مۇسۇلمانلار،
خۇدانىڭ زىكرىنى ئايتىڭ، ئايا ئەي ئەقلى پۇر دانلار،
ئامانەتدۇر بىلىڭلار تەن ئىچىندە بۇ ئەزىز جانلار،
تەمامى بەندەلەرگە رەھم قىلغايسەن ئۆزۈڭ، يا رەب.

كى سەندىن باشقا ئەسلا بەندەنىڭ قۇشتى پەناھى يوق،
بۇ ئاجىز قۇللارىڭنىڭ سەندىن ئۆزگە دادخاھى يوق،
سېنىڭدىن باشقە ھەرگىز ئىككى ئالەم پادشاھى يوق،
يانا ئول ئەرش كۇرسى لەۋھى مەھفۇز ھۇرمەتى، يا رەب.

بۇ ھالەتدە يۈرەكى قان ئىمىن ھاجى غەرىب قۇلنىڭ،
قىزىل گۇل ئىشقىدە كۆزگە كەلمەس ئۇيقۇ بۇلبۇلنىڭ،
خۇدايا، رەھم قىلغىل ھالىغە ھاجى غەرىب قۇلنىڭ،
غەرىبلەرگە ئوشۇل مەھشەردە دىدارىڭنى بەر، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىب قۇل، دائىما يىغلاپ نەۋا قىلغىل،
كى ئۆلتۇر نەفسى جاھىلنى قانائەت پادشاھى قىلغىل،

ئىمىن ھاجى، خۇداغە يىغلابان كۆپ ئىلتىجا قىلغىل،
بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىمنىڭ ھۆرمەتى، يا رەب.

* * *

خۇدايا، ئاسىيلارنىڭ ھالىغە رەھم ئەيلەگىل، يا رەب،
گۇناھى ئاسىيلارنى مەغفىرەت قىلغىل ئۆزۈڭ، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىبغە رەھم قىلغىل، ئەي خۇداۋەندا،
ئۆزۈڭسەن ھەر دۇ ئالەم پادىشاھى قادىرى يەكتا،
كەچۈرگەيسەن گۇناھىمنى بىھەققى ئول كەلامۇللا،
ئۇشۇل دوستۇڭ مۇھەممەد مۇستەفانىڭ ھۆرمەتى، يا رەب.

كى سەتتارۇل - غۇيۇب ئاتلىغ مېنىڭكى پادىشاھىم بار،
مۇھەممەد ئۇممەتىمەن دەپ مېنىڭ كۆپ ئىئتىقادىم بار،
مېنىڭ ئەسلا غەمىم يوق، دوستلار، قادىر خۇدايىم بار،
ھەبىبىڭ ئۇممەتىنى غەرقى رەھمەت ئەيلەگىل، يا رەب.

خۇدايا، بىزگە رەھمەت قىل مۇھەممەدنىڭ تىفەيلىدىن،
گۇناھىمنى كەچۈرگىل نۇرى ئەھمەدنىڭ تىفەيلىدىن،
كى رەھمانىر - رەھىم يەئنى كەرىم ئىسمىڭ تىفەيلىدىن،
مۇھەممەد ئۇممەتىن دەۋزەخدىن ئازاد ئەيلەگىل، يا رەب.

بۇ ئاجىز بەندەلەرنىڭ سەندىن ئۆزگە پادىشاھى يوق،
كى رەھمانىر - رەھىمدىن باشقا ئەسلا دادى خاھى يوق،
كەرەملىك پادىشاھسەن، سەندىن ئۆزگە پادىشاھى يوق،
تامامى ئاسىيلارنى مەغفىرەت قىلغىل ئۆزۈڭ، يا رەب.

بۇ سۆزلەرنى دەبان ئۆتتى ئىمىن ھاجى گۇنەھكارى،
خۇداغە بەندە بولساڭ كېچە - كۈندۈز ئەيلەگىل زارى،
ئەگەرچە بەندەدۇرسەن قىل يۈرەك باغرىڭنى مىڭ پارى،
كەرىم ئىسمىڭ، سىفاتىڭ ھۆرمەتى رەھم ئەيلەگىل، يا رەب.

ئايا غافىل ئىمىن ھاجى، خۇدا ئەمرىنى قىلمامسەن،
بولۇپ بىيدار سەھەرلەر زىكرى ئەللاھدىن گەپ ئۇرمامسەن،
مۇدام يىغلاپ يانا ئول پادىشاھغە ئەرز قىلمامسەن،
ئىمىن ھاجى غەرىبنى بۇ قەزادىن ئاسراغىل، يا رەب.

ئىمىن ھاجى غەرىب قۇل دائىما يىغلاپ نەۋا قىلسام،
گۇناھىمغە قىلىپ تەۋبە ھەمىشە ئىلتىجا قىلسام،
سەھەرلەردە بولۇپ بىيدار مۇدام يىغلاپ دۇئا قىلسام،
غەرىبلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت ئەيلەگىل، يا رەب.

غەرىبلەرنى، خۇدايا، ئىككى دۇنيادا سالامەت قىل،
كېتەر ۋەقتىدە ئاجىزلارگە سەن ئىمان كەرامەت قىل،
ئايا غافىل ئىمىن ھاجى، مۇدام قۇرئان تىلاۋەت قىل،
ئىمىن ھاجى غەرىب قۇلنى بەلادىن ئاسراغىل، يا رەب.

## ئىمىن ھاجى غەرىبنىڭ دىللارى بۇزۇلۇپ جۇنۇنلارى ئۆرلەپ ئايغان سۆزلەرى

بىھەمدۇللا، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن،
ئىنشائاللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

ئۇمىدىم كۆپ خۇدادىن ئۆزىگە بەندە قىلىپدۇر،
بەندە ئەيلەپ ئۆزىگە ئەزىز جاننى بېرىپدۇر،
مۇھەممەد مۇستافاغە بىزنى ئۇممەت قىلىپدۇر،
ئەمرى ھەقنى قىلغاننىڭ جايىن جەننەت قىلىپدۇر،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

خۇدا بىزگە، بىلىڭلار، ئەزىز جاننى بېرىپدۇر،
بەندە ئەيلەپ ئۆزىگە بىزنى مۇئمىن قىلىپدۇر،
بىيدار بولۇپ سەھەرلەر يىغلا ئاڭا باھۇزۇر،
ئەفۋ قىلغىل گۇناھىم ئادىل ئۆزۈڭ، يا غەفۇر،
بىھەمدۇللا، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

ئەزەلدە ھەقتەئالا نۇرى ئىمان بېرىپدۇر،
رەسۇلىللاھغە ئاللا پەرمان نازىل قىلىپدۇر،
تەشەككۇر، مىڭ تەشەككۇر بىزنى مۇئمىن قىلىپدۇر،
ھەمدى خۇدا ئايتايلىك غەيرى مىللەت قىلماپدۇر،

بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

غەمىم يوقدۇر مېنىڭكى ياراتقان پادىشاھ بار،
ھەقىقەتتۇ ئادالەت ماڭا ئول دادىخاھ بار،
ئەۋۋەل ــ ئاخىر، يارانلار، ماڭا قادىر خۇدا بار،
رەھمان ــ رەھىم نامىلىغ كەرەملىك پادىشاھ بار،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

خۇدا بىزنى بەندەم دەپ ياراتىپدۇر، يارانلار،
بۇ دۇنيادا ۋەفا يوق ھالىڭلارگە يىغلاڭلار،
بىيدار بولۇپ سەھەردە بۇ يۈرەكنى داغلاڭلار،
بۇ يول قاتىغ سەفەردۇر مەھكەم بەلنى باغلاڭلار،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

جان بېرىپدۇر خۇدايىم ئاڭا قىلغىل تەشەككۇر،
تەۋەككۇلنى پىشە قىل ھەرگىز قىلما تەفەككۇر،
ئەھۋالىڭغە ھەمىشە يىغلاپ دېگىل، يا غەفۇر،
زار يىغلاپ سەھەردە، ئىچ شەرابى ئەنتەھۇر،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۇممەتىمەن.

خۇداغە ھەمدى ئايتسام بىدار بولۇپ سەھەردە،
تەۋبە قىلىپ ھەمىشە زار قىلسام سەھەردە،
ئىشق ئوتىدە يۈرەكنى مەن داغلىسام سەھەردە،
ئاللاھ دەپ زىكر ئايتىپ، نەۋا قىلسام سەھەردە،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

ياراتىپدۇر خۇدايىم بىزنى مەنى بۇ ئابدىن،
ئايا غافىل، بىدار بول ئويغات ئۆزۈڭنى خابدىن،
ئەسلىڭ سېنىڭ، ئەي نادان، بىر مۇشتىئى تۇرابدىن،
سەھەرلەردە بىدار بول ئىبرەت ئالغىل غۇرابدىن،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

بۇ دۇنياغا كېلىپمىز مۇندا تۇرماي كېتەرمىز،
ئاخىر ئۆلۈپ، يارانلار، گۆرستاندا ياتارمىز،
غافىل بولما، يادانلار، بىز ئاقىبەت ئۆلەرمىز،
ياقا يەڭسىز، يارانلار، ئاق ئىگىننى كىيەرمىز،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

خۇدا بىزنى ياراتىپ نۇرى ئىمان بېرىپدۇر،
زىكرى خۇدا ئايتايلىك گويا زەبان قىلىپدۇر،
جاھىل قىلماي بىزلەرنى بىل مۇسۇلمان قىلىپدۇر،
بىدار بولۇپ سەھەردە قىلغىل ئۆزۈڭ قىزىل گۈل،
تەشەككۇر، مىڭ تەشەككۇر، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

ئىمىن ھاجى سۆزلەيدۇر، دىدارى ھەق كۆزلەيدۇر،
دائىم غافىل بۇ گۇمراھ ھېچ ئۆزىگە كەلمەيدۇر،
يادىدا يوق بۇ ئۆلۈم ھاياتلىغنى كۆزلەيدۇر،
باتىنىدا ھېچ گەپ يوق، زاھىرىدا يىغلايدۇر،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

يېتىپ كەلدى بۇ ئەجەل ساڭا ئەمدى ئەتقەرىب،
غافىل يۈرۈپ ئاقىبەت يولدا قالدۇق تەلمۈرۈپ،
ھاجى ئىمىن يىغلاغىل خۇدايىمغە يالبارىپ،
زار يىغلاغىل سەھەردە زەئفىراندەك سارغارىپ،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

ئىمىن ھاجى گۇمراھنى ئەمدى باغلاپ ئۆرۈڭلار،
قولۇم باغلاپ ئارقاغە سەزايىلار قىلىڭلار،
قارا سۇرتۇپ يۈزۈمگە ئىشەككە مىندۈرۈڭلار،
تەئزىر ئۇرۇپ، شەرئىدە مېنى ئىبرەت قىلىڭلار،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

ئىمىن ھاجى گۇمراھنى تۇتۇپ دارغە ئاسىڭلار،
نافاك تەنىمنى داردا ئۈچ كۈن ئاسىپ قويۇڭلار،
ئەئزالارىم فارچىلاپ گۇزەرلەرگە ئاسىڭلار،
خەلايىقلار كۆرۈبان مەندىن ئىبرەت ئالىڭلار،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

ئىمىن ھاجى بىنەماز ھەم فاسىقدۇر مۇنافىق،
ھېچ ياخشى ئىش قىلمايدۇر شەرئىتكە مۇۋافىق،
ھەركىم كۆرەر ئەجرىنى ئەمەلىگە مۇۋافىق،
بۇ يوللاردە مەھكەم تۇر، يالغان ئايتما بول سادىق،
بىھەمدۇللاھ، يارانلار، خۇدايىمنىڭ قۇلىمەن،
خۇدايىمنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئۈممەتىمەن.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن بۇۋىمەرىيەم شېرىپ خۇشتار شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئابدۇراخمان روزىمۇھەممەت قاراقاش ناھىيە ئاقساراي ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئۇبەيدۇللا ئەقسەرىي

# كەنزۇر - راغىبىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

خاجە مۇھەممەت ئوغلى ئۇبەيدۇللا (ئەقسەرىي) 1901 ـ يىلى خوتەن لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ساۋاتىنى ئائىلىسىدە چىقىرىپ، 15 ياشقا توشقاندا خوتەن شەھىرىگە كېلىپ ئون يىلغا يېقىن ئوقۇغان. يەنە ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردىكى مەدرىسىلەردە ئالتە يىلدەك ئوقۇغان. ئوقۇش ھاياتىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ بىر قىسىم شېئىرلارنى يازغان. 1940 ـ يىللىرى يازغان شېئىرلىرىنى رەتلەپ «كەنزۇر ـ راغىبىن» (قىزىققۇچىلار خەزىنىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. شائىر كېيىنكى ھاياتىنى خوتەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈپ، 1987 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ ساۋاقداش، زامانداشلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئىلگىرى سىياسىي ھەرىكەتلەردە يىغىۋېلىپ كۆيدۈرۈلگەن. ھازىر ئۇنىڭ بىر دېھقان بۇرادىرىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان «كەنزۇر ـ راغىبىن» دېگەن كىتابىدىن بىر قىسىم شېئىرلارنى تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى. بۇ ئەسەردىكى بىر قىسىم شېئىرلار 1995 ـ يىللىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مەتتىمىن تۇردىنىڭ تەييارلىشىدا نەشر قىلىنغان. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاشۇ ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى قىسقارتىلىپ، يېڭىلىرى نەشرگە سۇنۇلدى.

## بىرىنچى باب، دېھقانچىلىقنىڭ بەيانى

دېھقانچىلىق بىلەن ھەركىم زېمىنغا ئىشلەيدۇ،
ئاخىرى نەفەستە نې ۋەجھى قولىنى چىشلەيدۇ.

كى ئۇشرەنى ئەدا قىلمايىن دېھقان بولغاي،
كى ئاقىۋەتتە ئاڭا دەرد ئىلە فىغان بولغاي.

بەش نەماز ئەدا قىلماي دۆڭ بىلەن چەۋەڭ تۈزەسەن،
ئاخىرەتكە بارغاندا نې يامان جەزا كۆرەرسەن.

ئەگەرچە جوغلىسا ئاشنى تۈمەن ـ تۈمەن چارەك،
تەمام يازدا ئەرام يوق ماڭا ئېتىز ئارەك.

ئېتىزغا ئىشلىسە قۇلدەك قىشچە يەرمەن دەپ،
نېسىپ بولماي كېتەر جەھاندىن تولا نەدامەت يەپ.

ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا، دۇنيايى دۇنغا گوللانما،
ئاخىرەتكە بارغاندا دەۋزەخ ئىچرە خۇيلانما.

## تۆتىنچى باب، دۇنيانى ھەرامزادەنىڭ خەلقنى فەنلەپ كەتمەكىنىڭ بەيانى

كىشى جەھاندا بولۇرمۇ ھىسابتا قارۇنچە،
تۇپراققا كەتتى بۇ قارۇن غەنى ئىدى شۇنچە.

ئوشۇل كۇنكى خۇدا قەھرىدىن غەزەب تۇتتى،
زەمىنگە لۇقمە قىلىپ بەردى، يەر يۇتتى.

پۇل تىپىپ بۇ دۇنيادا سەن قارۇندەك،
ئەگەردە ئاچچىقىڭ بولسا ياغى زاغۇندەك.

ئىبەرسە بىر كۇنى ھەق قاشىڭىزغە شاھى ئۆلۇم،
قولدىماس سېنى دۇنيا، ھەق مېنىڭ بۇ سۆزۇم.

بۇزۇق خاتۇن بۇ جەھان بىۋەفا ھەمىشە ئىشى،
قورقىڭىز قارىنداشىم كۇلكىدىن ئاچىلسا چىشى.

بۇرادىرىم جان ئاكا، بۇ جاھان قىلۇرمۇ ۋەفا؟
بەش، ئالتە كۇن سېنى گوللاپ ئۇرار كۆزۈڭگە تۇپا.

گوللىغاي سېنى ئالداپ ئالتە كۇن باھارىدا،
بىر كۇنى ساتار سىزنى بەد ئەھلى بازارىدا.

بالام دېگەي سېنى بەش كۇن قىلار سېنى بىر گۇل،
ئاخىرىدا خار قىلىپ قىلغۇسى ئۆزىگە قۇل.

ئىمىلداشىم، جىگەرىم، مۇھتەرەم قارىنداشىم،
جەھان ئىشىنى كۆرۈپ توختاماي تۆكۇلەر ياشىم.

بۇ جەھان چىرايلىقكى، سۇرەت قىزىلگۇلدۇر،
ئەقلى يوق ھەماقەتلەر جانۇ دىل بىلەن قۇلدۇر.

ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا، دۇنيانىڭ ئازابىدىن،
تاتىدى، تەمەئ ئۆزدى دۇمبەلىك غىزاسىدىن.

## بەشىنچى باب، بىۋەفا خاتۇنلارنىڭ بەيانى

قاشىڭدا تۇرسىمۇ گەر ھەر سىفەت خاتۇن دائىم،
ئەگەرچە بولسىمۇ ئايدەك قۇچاقتىكى ئۇ ئايىم.

يۇزىنى كۆرسە چىداپ تۇرالمىسا بۇ يۇرەك،
مەڭزىنى كۆرگەچ يەنە جىگەرگە يەتسە كۇيەك.

قارا كۆزىگە قاراپ تويمىسا ئەزىز جانىم،
كىرپىكىنى ئوق قىلىپ ئاتسە ئوقنى ئۇ خانىم.

كىرپىكى ئانىڭ كەمچەت، قاشلىرى قەلەم ياڭلىغ،
بولسىمۇ ئۇلۇغزادە خەلق ئىچرە ئۇل داڭلىغ.

بەدەنلىرى خۇب يۇمشاق بولسا كەبى ئاق پاختا،
سىينەسى ئانىڭ، ھەي ـ ھەي، بولسىمۇ كۇمۇش تاختا.

كۆكرەكىدە ئەمچەكلەر خۇشمۇ ئۇز لىغىلدايدۇ،
كۆرسە بۇ ئانارلارنى بۇ يۇرەك جىغىلدايدۇ.

ئاغزى بەك كىچىك قىزدۇر، لەۋلەرى قىزىل مارجان،
سۆيسە لەۋنى شورايدۇ، تىللىرى ھەسەل، ۋايجان.

قەددى گۇلسۇرۇخ بەلكى، پۇتلىرى ئانىڭ، ھەي ـ ھەي،
باغ ئىچىدىكى سەرۋى، سۇرەتى ئانىڭ تەي ـ تەي.

قوللىرىدا تىرناقى، ساپ قىزىل خىنە ياققان،
مېڭىشى ئەجەب سازدۇر، قوپسىلار ئەجەب چاققان.

سۆزلىسە ئەجەب بۇلبۇل، ھەممە سۆزلىرى ياخشى،
خۇش سۇزۇكتۇر ئاۋازى، ئايتسا بەزىدە ناخشى.

قاشلىرىدىكى ئوسما بەكمۇ ئۇز ياراشىپتۇر،
ھەممە ئەل بولۇپ ئاشىق ئارقىدىن قاراشىپتۇر.

قولىدا قوش بىلەيزۇك تۇرسا بەلكى جالدىرلاپ،
تۇرسىمۇ بىلەكلىرى كۇنگە ئوخشاش يالدىرلاپ.

خۇلقىسى ئەجەب ياخشى، تولغىنىپ كۆڭۈل ئالۇر،
ھەر كېچىسى قۇچاقىڭدا بۇ يۈرەككە ئوت سالۇر.

مۇنچە ياخشى ئۈچ ـ تۆت خان ساڭا بولسا خىزمەتتە،
سەن كېچەۋۇ كۈندۈزلەر ئويىنساڭمۇ ئىشرەتتە.

ئاقىۋەتتە ئەزرائىل كەلسە جاننى ئالغالى،
بەدنىيەت مۇنافىقنى دەۋزەخ ئىچرە سالغالى.

ھېچنېمەڭگە خاتىرە يوق ئەزرائىل جانىڭ ئالغاي،
شۇنچە ياخشى ئۈچ ـ تۆت خان ئۆيدە قاراشىپ قالغاي.

جامائىتىڭ سەن ئۈچۈن قەبرىگە قازار يەرنى،
ئۆيۈڭدە قالغۇچى خانىم خىيال قىلۇر ئەرنى.

تەئەللۇقۇڭنى بېرىپ خانغا قىلىپ ئىدىڭ يارىم،
ئۆلسەڭ ئەگەر بىر كۈن، دەر خاتۇن: نېمە كارىم.

ئۆيۈڭدە قالغۇچى خان ئالىپ بۆلۈپ مىراس،
يوغان بويانىنى خىيال ئەيلىگەي، سۆزۈم ھەق راست.

چىقسىمۇ، چىقمىسىمۇ ئىددەتى تېگەر ئەرگە،
ئاۋايلىغان خانىڭىزنىڭ يانى تىگەر داق يەرگە.

خەققە يېدۈرۈپ بارچە قولىدىكى تەئەللۇقنى،
قورساقى ئاچ ئابدال كەبى يېدىلەر ئېچىغ پوقنى.

خەجلىمەي يىغىپ ياتقان تەڭگە بىلەن ئالتۇنلار،
مېغىزنى چىقىپ بۇزغاي بالا ـ باقى خاتۇنلار.

ئۆلۈپ مازاردا ياتۇرسەن قاراڭغۇ گۆردۇر جايىڭ،
خاتۇنلىرىڭنى ئويلاپ سىزىپ ئىدى بۇ جانىڭ.

ئۆلسىڭىز، قارىنداشىم، بۇ خانلار ئۇنۇتقايلار،
ياتىپ غالچا ئاستىدا تامىقىنى قاققايلار.

تورۇسنى كۆرسە خانىم، سېنى ئۇنۇتقاي دىلدا،
دۇئا قىلۇرمۇ بىر قېتىم ئاھ، ساڭا بەش ـ ئون يىلدا.

بەرمىگەن زەكات پۇلنىڭ ئازابى ساڭا ئوڭچى،
پۇلۇڭنى خەجلەپ ئالۇر تۇزكوردۇر خاتۇن شۇنچى.

بىۋەفايى ئالەمدە ھەممە ۋەقت ئەھۋال شۇ،
بۇ جەھانغا دىل بەرگەن ئادەم ئىچتى داغمال سۇ.

ئەي خۇدا، پەناھ بەرگىل كارگاھى دۇنيادىن،
چۈنكى بىز نەفسدارمىز مىۋەھايى ئۇقبادىن.

سۆزلىرىڭنى قىسقا قىل، دىلى سۇنۇق ئۇبەيدۇللا،
گەپنى سوزما دەپ ھەدىس ئوقۇدى ھەبىبۇللا.

## ئالتىنچى باب، مالدار بايلار بەيانى

قويلىرىڭ سېنىڭ يۈز، مىڭ، يايلىقىڭ ھەمە تاغدا،
ھەممىسى سېمىز ئېرىك گوشلىرى تەمام ياغدا.

قويلىرىڭ ئەجەب يۇڭلۇغ، قوزىلىرى تېخى گۈللۇغ،
ساتسالار ئالۇر ھەركىم نەرقى چوڭ بەھا پۇللۇغ.

شۇل كۈنكى جان بەر دەپ كەلسە تەڭرىنىڭ ئەمرى،
قويلىرىڭ قالۇر مۇندا، نە قىلۇرسەنا ئەمدى.

مال ـ دۇنيا بالاڭنىڭكى، بىر ماياق ساڭا قايدا،
قىلماغاي ساڭا ھەرگىز بىر دۇئا ئۇ يىل ـ ئايدا.

قوي، قوتاز كۆپەيگەندە بولسىمۇ تۈمەن، مىڭ، يۈز،
تولسىمۇ ئېغىللارىڭ قىلمايدۇ ئەجەل ھېچ يۈز.

سۈتلىرىدە ھەر دائىم بولسىمۇ سېرىق ياغلار،
قۇرۇتى بىرلە قايماقنى تولسىمۇ كۈنۈڭ چاغلار.

شۇل كۈنكى ئەزرائىل ئۆيىگە كەلسە مالدارنىڭ،
قالماغايكى ساق ھەرگىز بىر كۈمۈتچە جاندارىڭ.

ئۆزى مىنەرگە ھەمىشە باقىپ تۇرغان ئېتى،
قوناقىنى ئۈگۈت ئەيلەپ يىگەن يوغان ئېشى.

قۇلا ۋە شىرغەنى ئىلغاپ باقاردى بايىەچچە،
ئانىڭ ئەۋزەلى ئاتنىڭ باھاسىدەك نەچچە.

يوغان قۇرۇشقىچە كۆپكى، كۇمۇشتە سىرلانغان،
يەنە لەپلەمە، پەرقۇ مۇرادىغا قانغان.

ئەگەرچە بولسا زاتى ئەرەب قەبىلىدىن زاتى،
ئانىڭكى بولغۇسى ئاخىر جىنازىدىن ئاتى.

كىشى كەتسە جەھاندىن قالۇر ئانىڭ مالى،
ئۆزىگە بولغۇسى ھەمراھ ئىمانى – ئەئمالى.

ۋەئزىنى دىدىڭ ئەلگە مۇددىئا ئۇبەيدۇللا،
قىلمادى ئەمەل نەفسىڭ ئەۋۋەلەن بەتەقۋەللا.

## يەتتىنچى باب، ئۆي بىنا قىلغانلارنىڭ بەيانى

كىشى كى ئۆينى ئىگىزلەر ئۇ ھەم كىتەر بىر كۇن،
ئىمارەتىم قىنى سىز دەپ قىچارسا چىقماس ئۇن.

بۇرادەرىم، ئاڭا جان ئاتسىڭىزمۇ بەك ئىشلەپ،
تىگىگە تاشنى قويۇپ، تىمنى پىششىق خىشلاپ.

بۇ ئۆيلىرىڭگە كىرەلمەي تۇرارمۇ ئەزرائىل،
ئەجەلگە توغرا بولالماپسەن، ئەمەسمۇ سەن قايىل.

ئەجەب ئۇز ياراشىپتۇ ئۆيۈڭگە دەرۋازى،
يىراققا يەتكۇسى توپتەك ئىچىلسا ئاۋازى.

ئەجەپ تۆمۇرنى قىقىپسەن ئىشىككە چەمبەرلەپ،
بۇ ئۆيگە مانچىنى بەردىڭ كۇمۇشنى سەر – سەرلەپ.

غەرىزى ئىشىك بىلەن ئۆيدىن نىمە؟ دىگىل، ئەي يار،
سىنىڭ بۇ جەبرى – جەفايىڭ بىكاردۇر – بىكار.

قاچانكى بىر كۇنى كەلسە جان ئالغۇچى ئەلچى،
ئىشىك توسارمۇ غۇجامنى، قىنى دىگىل غالچى.

ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا بۇ جاھاندا مەستانە،
سەككىزىنچى بابىدىن سۆزلىگىلكى مەردانە.

## سەككىزىنچى باب، ئىسراف ئىگىن كىيگەنلەرنىڭ بەيانى

ئۆزۈڭ ۋۇجۇدىنى بىلمەي كىيەرمۇسەن تونني،
قەنائەت ئەتمەيۇ بىرگە تىخى كىيىپ ئونني.

ئىچىڭدە شايىدە كەمزۇر، تاشىڭدا ئەلپاكى،
بىشىڭدا دوزرەسى مەخمال، دىلىڭدا ناپاكى.

ياتار تەكىيە، تۆشەكلەر تاۋار مەخمالدىن،
ئانىڭدە ئەسلى خەۋەر يوق ئاخىرقى ئەھۋالدىن.

قاچانكى بىر كۇنى تەڭرىم بۇ جان ئەمانەتنى
بىرىشكە ئەمر چۇشۇرسە كۆرۈڭ نەدامەتنى.

خام كىيىشكە نومۇسۇڭ بەكمۇ كۆپ ئىدى، ئەي جان،
ئاخىرى كەفەنلىكنى خامدىن ئەتتى، ۋاي ئەرمان.

سۆزلىگىل، ئۇبەيدۇللاھ، قەبرىنىڭ ئەزابىدىن،
مۇنكىرۇ نەكىرلەرنىڭ ھەۋلەناك سوئالىدىن.

## توققۇزىنچى باب، قەبرىدىكى سوئال – جەۋابلارنىڭ بەيانى

توققۇزىنچى بابىدا قەبرىنىڭ بەيانى بار،
چاققىلى خەلايىقنى قەبر ئىچىدە باردۇر مار.

كەفەننى خامدا قىلۇرلار ئىمام – مۇئەززىنىمىز،
فىغانۇ ناله قىلۇر ھويلىدا ئاكا – ئىنىمىز.

باش – ئاياغىنى بوغسا، بۇ مىيىت تۇلۇم بولغاي،
گۆر ئەزابىدىن قورقۇپ دىللىرىغا غەم تولغاي.

دەفنەدىن يانىپ كەلسە ئەھلى سۈننەگە دەملەر،
گۆر ئەزابىنى كۆرگىل ئەمدى بولدى ماتەملەر.

مۇنكىرۇ نەكىر ئاتلىغ ئىككى خوجىمىز تەييار،
قەبرىگە كىرىپ ھازىر تۆت سوراق قىلۇر، ئەي يار.

سورىغۇسى خۇدايىڭ كىم، قايسى ئېرۇر پەيغەمبەر؟
دىنىڭىز قېنى قايسى، قايسى ئىلىمدۇر رەھبەر؟

سوراماغاي ئۆيۈڭ نەچچە، قوي ـ قوتازلىرىڭ نەچچە،
قىلماغايكى يۈز ـ خاتىرە بولساڭىزمۇ بايبەچچە.

سوراماغايكى زەمىنلەردىن مۇندا قالغۇسى مولاق،
بولسامۇ ئۇ مۇنبەت يەر، خاھ بولسىمۇ شورلاق.

سوراماغاي ئاتاڭ كىمدۇر، قايسى ئاخۇن؟
سوراماغاي ئىگىنلەردىن قانچىسى تاۋار ـ دۇردۇن؟

قانچىسى چىپەرقۇتتىن، قانچىسى ئېسىل مەخمال؟
سوراماغاي ھىسابگاھتا ئۇشبۇ نەرسىدىن ئەھۋال.

سورىغۇسى بۇ ئەشيادىن قايسى جايغا سەرپ ئەتتىڭ،
تاپقىنىڭ ھەلالدىنمۇ، يا ھەرام قېتىپ تاپتىڭ.

مىنگىلى ساڭا بەندەم ئارغىماقنى قوش بەردىم،
بەزمە بىرلە مەشرەبتە دۇمبە بىرلە تۆش بەردىم.

كىيگىلى ئىگىن بەردىم، سۆيگىلى خاتۇن بەردىم،
ئەتىياز ھاۋا ئىللىق، چىللىدە ئوتۇن بەردىم.

ماڭغىلى ئاياغ، پۇت ھەم، تۇتقىلى قولۇڭ بەردىم،
ئىشتكىلى قۇلاق ھەمدە كۆرگىلى كۆزۈڭ بەردىم.

ھە، مانا قېنى تۆھفەڭ، تۆھفىنى چىقارمامسەن،
نىئمىتىمنى يەپ ئاندا، مۇنداق سەن تانالامسەن؟

سوراسا تەڭرىمىز بىزدىن ھالىمىز نېچۈك بولغاي،
ھەق ئۆزى ئاسان قىلسا، كارىمىز تۈزۈك بولغاي.

سوراماغاي ئۆيۈڭ نەچچە، نەچچە قات بىساتلار بار؟
نەچچەسى ئانىڭ زىلچە، نەچچە زەدۋالى بار؟

بۇ سوراقتا مۆئمىنلەر توختىماي جەۋاب ئايتار،
ياخشى بولسا جەۋابى ئول پەرىشتىلەر قايتار.

بولمىسا جەۋابى ھەق، گۇرزە بىرلە ئۇرغايلار،
ھەر سوراقنى ئىككۆيلەن قايتا ـ قايتا سورىغايلار.

ھەر گۇرزىدە بىچارە بولغۇسى تېرىقتەك ئول،
مۇھتەرەم ئاكا ھەرگىز بولماغىل جەھانغا گول.

قەبرىگە مىسال ئەمدى ياغچىنىڭ جۇۋازىدۇر،
قىستىماقتا يارلىقنى ھەق شۇ كۈنى قازىدۇر.

قەبرىدە يىلانلارنىڭ كىچىكى مىسال تاغدەك،
ئادەم ئوغلى ئىنساننى يەر گويا سېرىق ياغدەك.

مەززەلىك غىزالاردا ئۇشبۇ تەننى بىز باققان،
ئاخىرەتدە گۇناھكار تەننى ئەجدىھا چاققان.

قەن ـ شېكەر يىگەن تىللار ئاندا بولغۇسى ھەيران،
ئېسىل ئىگىن كىيگەن تەنلەر ئاندا بولغۇسى ۋەيران.

تەڭرى ئەمرىنى تاشلاپ مەئىشەتكە ماڭغان پۇت،
گۆركە كىرسە شۇل سائەت يامىشۇر بىرەر مىڭ قۇرت.

ياخشىلىقنى جارى قىل، قىل ھەق يولىدا تائەت،
گۆر ئەزابى ئالدىدا قالماغاي سەندە تاقەت.

تەۋبە قىل، ئۇبەيدۇللا، ماجەرا گۇناھىڭدىن،
ۋە لېكىن ئۈمىد ئۈزمە، رەھىملىك خۇدايىڭدىن.

### ئونىنچى باب، ئۆلەمائى بىئەمەللەرنىڭ بەيانى

موللىنىڭ ئەزابى چوڭ گۆرگە كىرسە، ئەي جانىم،
تەڭرىدىن تىلەرمەنكى ساق قىلغايسەن ئىمانىم.

ئىلىم بەردىلەر تەڭرىم، بىر ئەمەل پەقەت يوقتۇر،
شۇبھىلىك تەئامىلاردىن قارنىمىز ئەجەب توقتۇر.

ئاغزىمىزدا رەڭگارەڭ ۋەئزىنى دېدۇق ئەلگە،
قىلمىدۇق ئەمەل زادى ۋەئزىمىز كېتەر يەلگە.

جامائەت دېگەي بىزنى ياخشى ئېيتتى داموللام،
ئول ئاۋام سۆزى بىزنى خويما قىلدىلار گوللام.

ئاخۇنۇم بولۇپدۇرمىز ياڭزا بىرلە تون سىيلاپ،
سايىگە قاراپتۇرمىز سەللىنى يوغان قىرلاپ.

قالتىس ياسىنىپ ھەردەم ئۆزىمىزنى پەندۇردۇق،
تەرك ئېتىپ ئىبادەتنى نەفسىمىزنى قاندۇردۇق.

نېچۈك نەفسىمىز قانماي بۇ جەھانغا ھەرگىزمۇ،
نەفسى شۇم بەلاخورغا تۇتۇلۇپ ئىكەنمىزمۇ.

ئىلمىنى بېرىپتۇر ھەق قەدرىنى بىلەلمەيمىز،
كىم تەئام ئېيتىپ بەرسە، شۇبھەدىن ئانى يەيمىز.

ئۇشبۇ كۈندە ئاخۇنلار بولدىلا تونۇردەك، ھەي!
باتىنى بۇ ئاخۇننىڭ تىنجىغان ئۆرۈكتەك، ھەي!

غورۇر - كىبىرگە غەرق ئۇشبۇ كۈندە موللالار،
زەنانە ھىيلە قىلىپ بىر - بىرىنى گوللالار.

سورۇنلاردا موللامىلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،
تەلمۈرۈپ يۈرەر بولدى بەللىرىنى مۈكچەيتىپ.

بۈگۈن كىم ئۆلدىكى دەپ قۇلاق بېرىپ تىڭ - تىڭلاپ،
بىر كىشى ۋەفات قىلسا ئۆيىگە كەلدى شىڭ - شىڭلاپ.

بىرى بەردى بىر دوللار بىر مۇددەرىس ئاخۇنغە،
ھەمشىرىكتۇر بەش مەزىن ئۇچراشقاندەك ئالتۇنغە.

شۇنچىلىك تەفاۋەتكە بۇ جېنىڭنى قىينايسەن،
ئەتىگە پۇشەيمان يەپ ئۆز ئېتىڭنى تىينايسەن.

ئىچىدە ئىلمى يوق كىشىكى مۇددەرىس نامى،
كىتاب چىقسا قولىغا يېشەلمەيدۇ مەئنانى.

بېشىدا سەللە يوغان ئۇلار مۇددەرىس ئاخۇندۇر،
نامى موللايۇ، ئەمما ئەقلى بولسا ئارۇندۇر.

زەمانە ئەھلى بىرلە بىر بولۇپ ئالۇر يەمنى،
كىتاب قېشىغا كەلسە دەۋېرىدۇ نەم - نەمنى.

ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا، ئۇشبۇلاردىن ئىبرەت ئال،
مەئشەرنىڭ ئالامىتى مەن دېگەن مۇشۇ ئەھۋال.

### ئون بىرىنچى باب، قازىئى بىئەمەللەرنىڭ بەيانى

بەزىلەر قازى بولۇپ كەنتەدە مۆھر باستى،
ئۇلار زەمانغە ئاخۇن بولۇپ تۇرار راستى.

زەمانە خەلقىغە ئاخۇن شەرئەتى قايدا؟
زەمان سازىغا لايىق ئالۇر يوغان پايدا.

بىرىنى يۈزىگە قاراپ ئاغىنە يا پۇلىنى ماراپ،
ئەۋۋىلى غەرىبلەرنى قوغلايۇر مالىنى تالاپ.

جەھاندا ھۆرمەتى بەش كۈن مۇنى دېگەن موللا،
زەمانە خەق بىلەن بىر بولۇپ سېنى گوللا.

ئۇ موللىلار نان ئۈچۈن ئىلمىنى سېتىپ ئەلگە،
تائىتى چولتا، گەپلىرى بولار يەلگە.

ئىلمىگە ئىشەنمەك سىز موللىنىڭ ئازابى چوڭ،
تەتۈرلۈكنى تاشلا، ھەق يولدا بولغىل ئوڭ.

سەد ھازار شۈكرىكى بۇ خوتەن ۋىلايەتتە،
بولغاندا رەسۇلىللا، ھەق قازى ئاخىرەتتە.

ئەئلىمى ۋىلايەتتۇر، ئەۋزىلى مۇسۇلمانان،
مۇسەننەد شەرىئەتتۇر، ئىپتىخارى مىسكىنان.

ھەممىدىن ئېرۇر قايىق رەفىئەتەن ۋە مۇقداران،
ھەممىدىن ئېرۇر سابىق شەفقەتەن ۋە ئىساران.

ھەق ئاڭا بىرىپتۇركى بەھەترى ھەمىدە خەسال،
يوق ئانىڭ ۋۇجۇدىدا پىنىنچە زەممە فەئال.

خۇلق ھەم لەتافەتتە ھەممىدىن ئېرۇر كامىل،
جۇدۇ ھەم سەخاۋەتتە ھەممىگە ئېرۇر شامىل.

خىسلىتى ئەزىزلەرنىڭ ھەلىم ئىلە تەۋەزىئدۇر،
ئىللىتى خەسىسلەرنىڭ خەشم ئىلە تەكەببۇردۇر.

ھەق ئۆزى ئەزىز قىلغاي بۇ كىشىنى مىساقتا،
كى ئىبلىس تۇتالمايدۇر بۇ كىشىنى قىنماقتا.

ھەم يەنە ئانىڭ باردۇر قاشلىرىدا تۆت يارى،
ھۆكمى شەرئىتى ئىجرا قىلغۇچى ئۇلار بارى.

دوستلارىم بۇلار بولسا ۋارىسانى پەيغەمبەر،
چىڭ ئۇرۇڭلار، يارانلار، قاشلىرىغەكى رەھبەر.

مۇھتەرەم خۇجام باشلىق ئۇشبۇ كۇندەدۇر خۇرشىد،
ھەق تەرەفكە باشلايدۇر ھەممىسى ئېرۇر مۇرشىد.

چۈنكى بۇ تەرىقەتنىڭ يىلتىزى شەرئەتتۇر،
ئەۋۋەلەن شەرئەتتۇر، بەئدەزان تەرىقەتتۇر.

ئۇشبۇلار تەرىقەتنىڭ يىلتىزىغە سەققادۇر،
رەۋنەقى شەرئەت بۇلار بىلەن مۇسەففادۇر.

ياشىسۇن، خۇداۋەندا، ئۇشبۇلار تۇمەن مىڭ يىل،
دەۋلەتى فۇزۇن بولغاي، رىزقىنى پاراۋان قىل.

ھەم يەنە يانىپ كەلدۇق باشتىكى نەسىھەتكە،
ئەسقەرىي يۇرەكلىك بول، غەيرەتۇ ھىممەتكە.

ئاخۇنۇم بولاي دىسەڭ ھەق رىزاسىنى تۇتقىل،
يازدىكى سەدەفلەردەك مەئرىفەت سۈيى يۇتقىل.

ھەزرىتى رەسۇلىللا قانداق ئۆتتى دۇنيادىن،
پەشلىرىڭنى قىستۇرغىل، بولما ھەۋلى دۇنيادىن.

ھەممە ئاخۇنۇم دەيدۇر، بولماغىل ئاڭا سەن گول،
چەتنىسە شەرئەتتىن ھېچكىمشى تاپالماس يول.

خەقنىڭ ئەقىداتى ئالتە كۇندىدۇر زايىل،
خەق دىسىمۇ ھەزرىتىم، بولماغىل ئاڭا مايىل.

خەلق كۆرسە ئەيىبىڭنى يوق بۇلار ئەقىداتى،
ئىلمىنى خۇدا بەرگەن بىر ئۇلۇغ سىفەت زاتى.

رىزقىنى خۇدا بەرگەي، غەم يېمە ئۇبەيدۇللا،
ھەر مەھەل خۇدايىم بار، دىلدا بولسا سىدقۇللا.

## ئون ئىككىنچى باب، خەلق ئەقىدىسىنىڭ سۇستلىقىنىڭ بەيانى

خەلقنىڭ ئەقىداتى نەزىرگە قىچىرغايلار،
كاتتىراق ئەقىداتى ئۇشرەنى بېرۇر بايلار.

ئۇشرە بەرسە بىر چارەك، مىننەتى تۇمەن مىڭ جىڭ،
ئۇشرەنى ئالۇر چاغدا بىر خىجالىتى يۈز مىڭ.

دەرسكە قىچىرغايلار كاتتىراق ئەقىداتى،
بىر تاۋاقتا ئاش بەرگەي زەللىدۇر ئانىڭ ئاتى.

ياغدىن ھېچنەرسە يوقكى، سۇ بىلەن گۇرۇچ قېتىلىپ،
بۇ گۇرۇچ مۇسافىرنى قورىغانسىرى ئېتىلىپ.

قازان قىزىپ بولۇر دەۋزەخ، گۇرۇچكى گۇناھكارى،
سۇ بىلەن كېلىشمەيدۇ ياغ ئېرۇر مەدەتكارى.

گۇرۇچنى قازاننىڭكى تۇۋا قىلدۇرۇپ ۋىژ ـ ۋىژ،
موللا، ئاخۇنۇم يېگەي، مەيدىسى بولۇر پىژ ـ پىژ.

ئاھ گۇرۇچ، خۇدايا دەر، كۆزلىرىدە لىق ياش،
ئالسىلار تاۋاقلارغا چاپلىشىپ تۇرار ئاش.

يېمىگىن، قارىنداشىم، خام گۇرۇچنى پوم - پوملاپ،
بىرەرسى خوش ئەتكەندە قوي لېۋىڭگە بىر دوملاپ.

زاغرىغا ئۇماچ ياخشى، ياخشىدۇر گۇرۇچكە ياغ،
تۇتى بىلەن بۇلبۇلنىڭ جەننىتى بۇلادۇر باغ.

بالىلار ئاتىسىدىن، قوزىلار ئانىسىدىن،
بولمىسۇن جۇدا مۇئمىن مېھرىبان خۇداسىدىن.

بولمىسۇن، بەرادەرلەر، بۇ گۇرۇچ جۇدا ياغدىن،
قوي، قوزا بىلەن ئۆچكە بولمىسۇن جۇدا تاغدىن.

بەزىسىنىڭ ئەقىداتى ئون - يىگىرمە سەر تىزا،
بەرسىمۇ ئەگەر بىر پۇل قىلغۇسى ئاڭا رىزا.

ھەر قاچانكى، ئەي ئاخۇن، بەرسىڭىز ئاڭا ئىزا،
ياندۇرۇپ ئالۇر سىزدىن نەزىرسىنى ئول پىزا.

مەن كەمىنە بىچارە بۇ جەھاننى خوپ بىلدىم،
شۇنچىلىك ئەقىداتى سىزگە مەن بايان قىلدىم.

مۇھتەرەم قارىنداشىم، بۇ سۆزۈمنى تىڭشاپ تۇر،
سۆزلىرىن ئۇبەيدۇللا يۇرۇكۇڭدە ساقلاپ تۇر.

بىرەۋنىڭ تۆت قىزى بولسا ياخشىسىنى باي ئالغاي،
تويلىقىغا شاڭخادەن، ئىسكىلاچىنى سالغاي.

بىرىنى ھۇنەرۋەنگە بەرگۇسى تېخى چاپلاپ،
تويلىقىغا بەرمىسە بىر تاۋار ئۆزىنى چاغلاپ.

بىرىنى دىھقان ئالغاي، تويلىقىغا دەبيارى،
ئاچچىقىنى كەلتۇرسە قولىدا ئاتى تەييارى.

ئۇچىدىن ئېشىپ قالغان بىر قىزى تۇرار ئەمدى،
مولىنى يوۋاش چاغلاپ مولىغا سوۋار ئەمدى.

دەيدۇ: مەن بېرەي دېسەم، بۇ قىزىمغا خېرىدار كۆپ،
مولىغا بېرەي دەيمەن، مولىغا ئەقىدەم كۆپ.

توۋا - توۋا، يا ئاللا، بۇ سۆزى تامام يالغان،
كەلمىگەچكە سودىگەر ئاغزىغا مۇنى ئالغان.

ئەقەللى تەنزىچى ئالسا، بېرەرمۇ ئۇ مولىغا،
ھاقارەت ئەيلىگۇچە سەللە بىلەن تونلارغا.

مانا شۇ، بەرادەرلەر، دۇنيادا ئەقىداتلار،
ھەقنى دەپ تۇرۇڭ دائىم كۆپ كېلۇر خىراجەتلەر.

ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا، بولماغىل خۇشامەتگۇي،
رىزقىنى خۇدا بەرگەي، بولسىڭىز قانائەتگۇي.

## ئون ئۇچىنچى باب، بىۋەفا ئاشنانىڭ بەيانى

ئەجەب زەمان بولدىلاركى ئادەم ئەۋلادى،
تىلدا دوستلۇقى كۆپتۇر، دىلدا يوق زادى.

جەھاندا ئۇچ نېمە يوقتۇر، تېپىلماغاي ھەرگىز،
بىرىنچى ياخشى بەرادەر تېپىلماغاي شەكسىز.

ئاغزىدا مەن ساڭا دوست دەر، تىلى ئەجەپ ياغلاش،
قاچانكى ھادىسە كەلسە، يۇرىكىگە تاڭغاي تاش.

تالادا دوستلۇقى كۆپتۇر، ئاغزىدا داۋاسى،
بىراقكى زەررىچە يوقتۇر دىلىدا ئىخلاسى.

جەھاندا تېپىلغايكى گۆھەر بىلەن مارجان،
تېپىلماغاي بۇ جەھاندا يارۇ - ئاشنا، ۋايجان!

مۇنافىقانە بولۇپتۇر جەھان تولاراقى،
تېشىدا تونلارى ئاقتۇر، دىلىدا يوق ئاقى.

بەزىدە كۆرۈشكەيمىز ھەر ھەفتە ئازىنە،
داستىخان ئۇستىدە ئۇ خويمۇ ياخشى ئاغىنە.

يەپ ئاشار زەماندا ئاشنا بولادۇرمىز،
گەر تېپىلسا بىر پۇرسەت يارنى بولادۇرمىز.

چوڭ - كىچىك بەرادەرلەر ھەممىمىز ئالادۇرمىز،
ئاشنانى تاپقاندا يەم بىلەن سالادۇرمىز.

ئاش يېگەندە، ئاغىنە، يەتسە فاگىقان تەڭلىك،
ئاش يېگەندە بەرادەرلەر خۇش بولۇر قىزىل رەڭلىك.

ئاش يېگەن زەماندا مەن ساڭا دېگەن ھامىي،
كەلسە ناگىھان يايى ئارقىغا قاچار ئامىي.

بادىيان ئىچەر بولسا سىزنى ئىزدىگەي يارىم،
شىرە چايلىرى بولسا، دەر مېنىڭ نىمە كارىم.

جەھاننى تەجرىبە قىلدىم، ئەي ئۇلۇغ قارىنداشىم،
ۋەفاسى يوق بۇ جەھاندىن تۆكۈلدىلەر خوب ياشىم.

ئىشەنچ قىلما پەقەت خەلقتىن تەمەئ ئۈزگىل،
خەلقتىن تەمەئ قىلساڭ، رىزقىنى قاچان كۆرگىل.

ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا، يادىڭى خۇدا بولغىل،
پەندىنى ئۆزۈڭگە بېرىپ، خەلقتىن جۇدا بولغىل.

## ئون تۆتىنچى باب، رىزقنى ھەقتىن تەلەب قىلماقنىڭ بەيانى

ئاۋام بېرەرمۇ ساڭا رىزقىنى ئايا تالىب،
ئەجەبكى نەفسى بەلاخور ساڭا ئىكەن غالىب.

خەلقتىن تەمەئ قىلما، ئەقسەرىي ئۇبەيدۇللا،
رىزقىڭنى رەھمانىم ھەرقاچان بېرۇر ۋەللا.

ساڭا قورساقنى بېرىپتۇر خۇدايى رەھمانىڭ،
كېيىن قالۇرمۇ يېمەكتىن سېنىڭكى ئاش - نانىڭ.

جوھۇدنى ئايرىمىدى رىزقىدىن خۇدا ھەردەم،
مۇئمىن مۇسۇلمانغەكى كەم بولۇرمۇ رىزقۇ يەم.

كىچىك بالىنى قورساقتا كۆتەرسىلەر مەزلۇم،
ئانىڭكى بۆشۈكىنى ئول خۇدا قىلۇر مەلۇم.

ئەزەلدە بىزگە بېرۇر رىزقىنى ياراتتى خۇدا،
قايانغا بارسا بۇ ئادەم بولۇرمۇ رىزقى جۇدا.

قولۇڭغا كەلسە غەنىمەت بىلىپ يەپ ئال سەن ئاكا،
بۇگۈننى ئەتىگە قويما، كېتەر بۇ رەنجى بىكا.

بەد ئەھلىلەرگە قاراپ ئىشىڭ كېيىن قالغاي،
بۇگۈننى بىلسە غەنىمەت ھايانىنى شۇ ئالغاي.

يەنە شۇ بەد ئەھلىلەر ئەگەرچە قىلۇر ساڭا بەك ئەيب،
مۇنى ئىشتىمە، بەرادەر، بولۇر تېخى لەك ئەيب.

خۇدانى ھەر نېمە دەيدۇ بىئىمان غەلەتلەر شۇ،
سېنى نېچۈك دېمىسۇنلەر توغۇلمىشىڭ بىر سۇ.

كۆڭۈل خۇدا بىرلە بولغىل، ساڭا خۇدا يار،
ئىشىڭنى تەڭرىگە تاپشۇر، ئۆزى مەدەتكار.

زەمانە ئەھلىدىن ئۈزگىل كۆڭۈلنى، ئەي تالىب،
خىجالەت خۇدانىڭ ھوزۇرىدىن قالىپ.

ھوزۇرى دىل بىرلە ھەركىم خۇدانى ياد ئەتسە،
ئەجەب ئەمەسكى، خۇدايىم دىلىنى شاد ئەتسە.

ھوزۇرى دىل بىلەن ھەركىم بولۇر خەراباتىي،
تەنىدە بولسىمۇ ۋەيران، دىلى ئىمارەتىي.

سۆزلەگىل ئۇبەيدۇللا، مېھرىڭ ھىدى كېلۇر،
سۆزلىرىڭ ئارىسىدىن ئىشقىنىڭ بۇيى كېلۇر.

## ئون بەشىنچى باب، ئەھلى دىللارنىڭ ۋە مۇرشىدلارنىڭ بەيانى

ھەق ئۇچۇن ئاداش بولغان ئەھلى مەئرىفەت بارمۇ؟
بىر - بىرىگە كۆيمەكتە ئاشىقلىق سىفەت بارمۇ؟

ئىشقسىز قارا دىل ھەق ئۇچۇن ئاداش بولماس،
ئىشقسىز كۆڭۈللەرگە مەئرىفەت ئوتى تولماس.

بۇ جەھاندا سۇلتان كىم، دىل كاۋاب مەسەللىك قۇل،
بولسىمۇ گەدايزادە تەنلىرىدە بىر قات جۇل.

ئەھلى زاھىر بىلمەس، ئىشق بولسا بىر گەۋھەر،
قەدرىنى بىلىشكە لازىم بولدى بىر زەرگەر.

مەئرىفەت بازارىدا ئىشقتىن دۇكان ئاچتى،
كىم شىكەستە دىل بولسا، ئىشقتىن گەۋھەر چاچتى.

ئەھلى تەن بازارىدا، پۇل بىلەن بۇلۇر جۇدا،
ئەھلى دىل بازارىدا مەئرىفەت بىلەن سودا.

كىم يوغان قىلۇر گەپنى ئەھلى تەن ئانى چوڭ دەر،
كىم ئۆزىنى خار ئەتسە ئەھلى دىل ئانى ئۇلۇغ دەر.

ئەھلى تەن ئاراسىدا تون بىلەن بولۇر ئىززەت،
مەردۇ ھەق تونى جۇلدۇر، جەندىدىن تاپۇر لەززەت.

بارچە نەرسە سۇنغاندا، نەرخى پەسلىنىپ كەتكەي،
دىلنى سۇندۇرۇپ ساتقىل، ئۆز كامالىغا يەتكەي.

سىنماغان پۈتۈن چىنىنى ئوغرى كىرسىلەر ئالغاي،
پارچە ـ پارچە سىنغان چىنە ئۆز ماكانىدا قالغاي.

تەنپەرەست ھەماقەتلەر كۆڭلىنى پۈتۈن تۇتقاي،
كەلسە بىر كۇنى شەيتان ھەممىنى پۈتۈن يۇتقاي.

دىلنىڭ ئوغرىسى شەيتان، ھەر ۋاقىت سەن ھازىر بول،
زىكرى ھەق بىلەن شەيتان ئوغرىلارغا نازىر بول.

شىكەستىلىك بىلەن ھەركىم خۇداينى ياد ئەيلەر،
ئول كىشىنى خۇدا ئاقىۋەتتە شاد ئەيلەر.

تەڭرىمىز پۈتۈنلەيدۇ كىمكى دىلنى سۇندۇرسە،
ئىشقنىڭ ھوسۇلى كۆپ كىمكى دىلدا ئۇندۇرسە.

ئۇستىلار دۇكانىدا كۆرمىدىڭمۇ ئاتەشنى،
موم سىفەت قىلۇر ئۇستا يۇمشىتىپ تۆمۈر ـ تاشنى.

كۆرسىگىز ئۇ ئاشىقنىڭ زاھىرى كۆمۈرچىدۇر،
ئىشقنىڭ دۇكانىدا شۇ كىشى تۆمۈرچىدۇر.

تاش دىلىڭنى، ئەي يارەن، شۇ تۆمۈرچىگە تاپشۇر،
قىل ئۆزۈڭنى پەرۋانە، ئوتقا سەن ئۆزۈڭنى ئۇر.

بازغانى ئۇنىڭ شەرئى، سەندەلى تەرىقەتتۇر،
مەئرىفەت ئۆزى ئوتتۇر، قۇرچلىرى ھەقىقەتتۇر.

بۇ تۆمۈرچىلەر كىمدۇر، يولغا سالغۇچى پىرلار،
زىكرىدىن كۆرۈڭ با سۇر ھەق چۆلىدە پاك دىللار.

بۇ سىفەت كىشى بولسا تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ قۇلى،
مۇرەھمەت ئۇزۇل جانغە بولسىلار ئىمان نۇرى.

قولىغە كەلسە ئۇ قىلغان ئەجرىدىن ئۇنۇم بىر كۇن،
خۇش بولمايدۇ قايسى جان، كۆڭلى ھەم بولۇر پۈتۈن.

ھەر كىشى ئۇلۇغ پىرنىڭ كۇلبەسىنى ئۆرگۈلدى،
خانە كەئبەتۇللانى شۇل زەماندا چۆرگۈلدى.

ئىشق جۇمرىدىن ھەركىم بىر پىيالە مەي ئىچكەي،
جۇملە ماسەۋەللاھنى ئارقىغا ئىتىپ كەچكەي.

(بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرى يوقالغان)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن «بىبگى قاشتېشى» ژۇرنىلىدىن دەم ئىبلىشقا چىققان)

ئۇرفان ئاتاجان (ئۆزبېكىستان)

# فىتنە

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا مۇھەممەت

ئۆزىنى ئەقىللىق تۇتاتتى، لېكىن ئەقىلسىز ۋە چاكىنا خوتۇن ئىدى.

— زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر

## 1

كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنى، ئەلىشىر نەۋائىي چارچاپ ھالىدىن كەتكىنىگە قارىماي، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى شەھەر چېتىدىكى كۆركەم، كىچىك باغ — شەۋقىيىگە بۇرىدى. يېنىدىكى مۇلازىمى ئۈندىمەي ئېتىنى شۇ تەرەپكە بۇراپ ئەگەشتى.

سارايدىن ھارغىن چىراي، لېكىن نېمىگىدۇر مەمنۇن بولۇپ چىققان شائىر شەۋقىيە تەرەپكە ماڭماقتا، مۇلازىم كۆڭلىدە نېمىنىدۇر سەزگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ نېمىگە بۇنچە مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. بەلكى باغدا بىرەر نەرسە ئايدىڭلىشار. «ھەرھالدا نەۋائىي شۇ پەيتتە باغقا بىھۇدە بارمايۋاتقاندۇ، مەلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك» دەپ ئويلىدى مۇلازىم.

ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بوش قويۇۋېتىپ كېتىۋاتقان نەۋائىي خىيالغا پاتقانىدى. ئۇ ھازىر شەۋقىيەگە بېرىپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان مۇھەممەد ۋەلىبەگ، دەرۋىش ئەلى كىتابدار ۋە سەمەرقەنتلىك مېھمان يىگىت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇلار ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىينى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشماقتا. ئەمىر ئەلىشىر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانى زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر مىرزىغا چېرىك بىلەن ياردەم بېرىشكە كۆندۈرەلمىدى. پادىشاھ ھىراتتا بولغان بولسا، بەلكىم باشقىچە بولارمىدىكىن، ئاسترابادقا، ئالىي ھەزرەت قارارگاھىغا چاپارمەن ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ ئۇچراشماق مۇشكۇل، ئەمما شۇنداق بولسىمۇ نوپۇزلۇق ئەلچىلەرنى سەمەرقەنتكە تېزلىك بىلەن ماڭدۇرۇشقا پادىشاھنى كۆندۈردى. بۇ ھىراتنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياخشى. ھۈسەيىن بايقارا ئەلچىلەرنىڭ سەمەرقەنتكە بېرىشى شەيبانىخاننى ئەلۋەتتە چۆچۈتىدۇ. شۇنىڭ ئۆزى زەھىرىددىن مۇھەممەدكە، سەمەرقەنت ئەھلىگە مەدەت بولىدۇ. بەلكى مەردانە بابۇر مىرزا ئەلچىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرسا، كېيىن چېرىك بىلەن ياردەم بېرىشكە يول ئېچىلىپ قالار. ئىنشائاللا! ئۇل يىگىت شىجائەتلىك ھۆكۈمدار بولۇشنىڭ سىرتىدا يەنە شائىر ئىكەن، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئىلگىرى ئەۋەتكەن ئىككى - ئۈچ رۇبائىيسى دەلىل. مانا، تۇنۇگۈنكى مەكتۇپىدىكى رۇبائىيسى خېلى دۇرۇس. ئۇنىڭ ئۇستىگە پېقىرغا شۇنچىلىك ئىخلاس قىلىپ ئۈمىد باغلاپتۇ.

نەۋائىي زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ئەۋەتكەن رۇبائىينى يادقا ئوقۇدى:

بابۇر بىلەن مىر ئىتتىپاقى بولسە،
يوقتۇر غەم ئەگەر جەھان نىفاقى بولسە.
بۇدۇر تىلەكىمكى، شاھ دەرگەھىدە
مەن بەندە ئۇچۇن ھەمىشە باقى بولسە.

ئەپسۇس، سالامەتلىك ياخشى ئەمەس، دەۋر بورىنى سالامەتلىككە نۇقسان يەتكۈزدى.

ئەلشىر نەۋائىي شۇنداق خىياللار بىلەن مېڭىپ، شەۋقىيە بېغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى، پەقەت ساھىب دارا ئات چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ سالام بەرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۆزىگە كەلدى ـ دە، ساھىب دارا ۋە مۇلازىمىنىڭ ياردىمىدە ئاتتىن چۈشتى، قامچىسىنى مۇلازىمغا بېرىپ، ئۆزى باغ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈردى.

— مېھمانلار قەيەردە؟

— ئۆستەڭ بويىدىكى ئۆيدە، — جاۋاب بەردى ساھىب دارا.

— ئېيتىڭ، ھازىر تاھارەت ئېلىپ، يەڭگىلرەك كىيىنىپ بارىمەن، پېشىن نامىزىنى بىرگە ئوقۇيمىز.

— خوپ، بولىدۇ ھەزرەت. چۈشلۈك داستىخاننى شۇ ئۆيگە ھازىرلىسۇنمۇ؟

— ياق، سۆھبەتكە مالال بولۇر، داستىخان كۈتۈپخانا ئالدىدىكى ئۆيگە سېلىنسۇن.

— خوپ، بولىدۇ ھەزرەت، — ساھىب دارا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى ـ دە، ئىككى-ئۈچ قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، مېھمانلار ئولتۇرغان ئۆي تەرەپكە كەتتى. مۇلازىم شائىرنىڭ ئېتىنى ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئات بىلەن بىللە يېتىلەپ ئاتخانا تەرەپكە يۈردى، نەۋائىي ئۆزىنىڭ خاس خانىسىگە كىرىپ كەتتى.

## 2

غىجدۇۋان سەھراسىدىكى شەيبانىخان قارارگاھى. سوغۇق چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي، خان زەر يىپلاردىن ئېشىلگەن ئارقانلار بىلەن تارتىلغان كەڭ، ئېگىز، 30 — 40 كىشى بىمالال سىغىدىغان يىپەك چېدىردا ئىران گىلىمى ئۈستىگە سېلىنغان يۇمشاق ئورۇن ئۈستىدە سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى، قولىدا تەسبىھ، شىرە ئۈستىدە قەلەمدان، دۇۋەت ۋە قەغەزلەر بار ئىدى. بىر ۋاراققا ئۈچ بېيىت يېزىلغان. يېڭى غەزەل يېزىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھۇزۇرىدا 20 — 22 ياشلىق ئاددىيغىنا كىيىنگەن گۈزەل جۇۋان ئەدەپ بىلەن يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەركەكلەرنىڭ ئۈستى كىيىمى تەقلەپ قويۇلغان بولۇپ، كىيىم ئۈستىدە نەقىشلەنگەن كەمەر ۋە قىلىچ تۇراتتى. جۇۋاننىڭ پۇتىدا كېيىك تېرىسىدىن تىكىلگەن ياخشى ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇ نۆۋكەر يىگىت كىيىمىدە كەلگەندەك قىلاتتى.

— فىتنە بانۇ، سەن بۇگۈن كېچىدىلا ھىراتقا يول ئېلىشىڭ كېرەك. بىزنىڭ لامىزەللىلىرىمىز ئەزىمەتنىڭ يىگىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. سەمەرقەنت سارايىدىكى بىزگە سادىق ئادەملەرنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، ھىراتقا دەرۋىش ئەلى كىتابدار ۋە مۇھەممەد ۋەلىبەگ بىلەن بابۇرنىڭ بىر يىگىتىمۇ

كەتكەنىكەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئەمىر ئەلىشىرگە مەكتۇپ ئېلىپ كەتكەنمىش. بەلكىم ئۇلار ھازىر ھىراتقا يېتىپ بارغاندۇ.

— مەن تەييارمەن، ئالىي ھەزرەت، — ئايال تەزىمگە تۇرماقچى ئىدى، خان ئىشارىسى بىلەن يەنە جايىغا ئولتۇردى.

— بىلىمەن، تەييارسەن، لېكىن بۇ قېتىمقى ئىش ھەتتا سەندەك ئەقىللىق ئايال ئۈچۈنمۇ غايەت مۈشكۈلدۇر.

— جېنىم پىدا بولسۇن، — ئايال قولىنى كۆكسىگە قويدى.

ئۇنىڭ ئاپپاق بىلەك، نازۇك بارماقلىرى خاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. خان كۆزىنى يۇمۇپ بىر تەمشەلدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ جۇۋانغا سىنچىلاپ تىكىلدى ۋە:

— قىزىم، دەرھەقىقەت ساڭا مۈشكۈل ئىش تاپشۇرۇۋاتىمەن. سەمەرقەنت، بەلكى ماۋەرائۇننەھر تەقدىرى ۋە بەلكىم — ... خان يەنە نېمىنىدۇر ئېيتماقچى ئىدى ـ يۇ، ئۆزىنى توختاتتى، — بۇ ئىش بەلكى بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن باغلىقتۇر.

— سەزدىم، ئالىي ھەزرەت، — جۇۋان بېشىنى تۆۋەن سالدى، — بابۇر مىرزا تەرەپدارلىرى ھازىر خېلى كۆپىيگەن، دەپ ئاڭلىدىم.

— راست دەيسەن، فىتنە، — خاننىڭ كۆزلىرى چاقنىدى، — راست، ئەگەر خوراساندىن بابۇرگە ياردەم كەلسە، شەھەرنى ئالماق بەكمۇ مۈشكۈل بولۇر. سەمەرقەنت بابۇر قولىدا ئىكەن، ماۋەرائۇننەھرنىمۇ ئۇنىڭكى دېسە بولىۋېرىدۇ. ھىرات سارىيىغا بىز ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بايقارانى خېلى ۋاققىچە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشتىن تۇتۇپ تۇردى. ئەمدى ۋەزىيەت ئۆزگەرگەندەك قىلىدۇ. بايقارا ئاستىرئابادتا رافىزى ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىننىڭ ئىسيانىنى باستۇردى بولغاي. ئاڭلىشىمچە، ئەمىر ئەلىشىر ۋە بەزى نوپۇزلۇق ئەمىرلەر بابىرغا خەيرخاھدەك قىلىدۇ. سەن ھۈسەيىن بايقارانى بىزگە خەيرخاھ قىلىشىڭ كېرەك.

— بۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كېرەك، ئالىي ھەزرەت، — ئايالنىڭ لېۋىدە تەبەسسۇم ئەۋج ئالدى. ئۇ بېشىدىكى سەللە ئورالغان كۇلاھىنى بېشىدىن ئالغانىدى، تۇرمەكلەنگەن ئىككى ئۆرۈم چېچى تولغىنىپ يۇمشاق ئورۇن ئۈستىگە چۈشتى.

— ھىراتقا بارغاندىن كېيىن سەندە بىر ـ ئىككى ھەپتە مۆھلەت بولۇر. ئىشنى شۇ ۋاقىت ئىچىدە بېجىرەرسەن. مانا بۇ خالتىدا خىراجىتىڭ ۋە سوۋغىلار ئۈچۈن ئالتۇن بار. بۇنى بولسا، — خان ناھايىتى چىرايلىق ئىشلەنگەن، قاپقىغا قىممەتباھا تاشلار قادالغان قۇتىنى قولىغا ئېلىپ ئاچتى ۋە ئىچىدىكى يىرىك قىممەتلىك دۇرلارنى كۆرسەتتى، — مەلىكىگە تۆھپە قىلۇرسەن، ئىشىڭ ئاسانلاشسا ئەجەب ئەمەس، — شەيبانىخان ئۆزىمۇ زوقلىنىپ دۇر تىزمىلىرىنى تاماشا قىلدى، كېيىن قۇتىغا سېلىپ بېكىتىپ خالتا ۋە قۇتىنى فىتنە تەرەپكە سۈرۈپ قويدى. فىتنە ئۇلارنى ئالدى ـ دە، خانغا تەشەككۇر ئېيتتى. ئۇ سۆھبەت تۈگىدى، دەپ ئويلاپ تۇرماقچى بولغانىدى، خان ئۇنى توختىتىپ شىرە ئۈستىدىكى ئوراقلىق زەر ھەل قەغەزنى ئېلىپ فىتنەگە ئۇزاتتى.

— بۇ بابۇر مىرزىنىڭ ساڭا بەرگەن «يارلىقى»دۇر. سەن قەيسەر يىگىتنىڭ ئايغاقچىسى بولۇپ بارىسەن. بۇ «يارلىق» ھىراتتىكى بابۇر مىرزىنىڭ ئادەملىرىگە ساڭا ياردەم بېرىشنى بۇيرۇپ يېزىلغان. قورقما، بۇنى ئەسلىي نۇسخىدىن پەرقلەندۇرۇش مۈشكۈلدۇر، قالغانلىرى ئۆزۈڭگە باغلىق. مۇكاپاتى

قايتقىنىڭدا ئالىسەن. ئۇ مەلىكىلەرگە بېرىلىدىغان تۆھپە دەرىجىسىدە بولىدۇ. ئوغلۇڭدىن تەشۋىشلەنمە، — شەيبانىخان سۆھبەت تۈگىگىنىگە ئىشارەت قىلىپ غەزەل يېزىۋاتقان ۋاراقنى قولىغا ئالدى.

ئايال ئالدىرىماي چېچىنى تۈرمەكلەپ كۇلاھىنى، تونىنى كىيىپ، بېلىگە كەمەرنى باغلاپ، قىلىچىنى تاقىدى، خالتا ۋە قوتىنى ئېلىپ خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئارقىچىلاپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شەيبانىخان قولىدىكى ۋاراقنى قايتا شىرە ئۈستىگە قويدى - دە، جۇۋاننى كۆز قىرى بىلەن كۆزەتتى. ئايال ئىشىك ئالدىغا ئەمدىلا يەتكەندە، خان ئۇنىڭغا:

— فىتنە! توختا، بۇ ياققا كەل، مانا بۇنىمۇ ئېلىۋال، بەلكى كېرەك بولۇپ قالار، — دەپ ھەييارلارچە ھىجايدى، — يولۇڭدىكى بەزى توسۇقلارنى ئېچىشقا بۇنىڭ ياردىمى بولۇپ قالار.

فىتنە يۈگۈرۈپ كېلىپ خان ئۇزاتقان بىلەزۈكنى تەزىم قىلىپ ئالدى ۋە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— بۇ خاسىيەتلىك بىلەزۈك. بۇنىڭ ئۈستىدىكى يىلاننىڭ ئىككى كۆزىدىكى لەئل تاشلار ئۈستىدە ئىككى خىل زەھەر بار. بىرى دەرھال ... ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن، ئىككىنچىسى ئاستا تەسىر قىلىدۇ. زۆرۈرىيەتكە قاراپ ئىشلىتەرسەن، ئېھتىيات قىل، — خان كېتىۋەر دېگەندەك يېنىدىكى ياستۇققا يانپاشلىدى.

فىتنە تەزىم قىلدى - دە، چېدىردىن چىقتى.

## 3

ئەلىشىر نەۋائىي مېھمانلار ئولتۇرغان خانىغا كىرگەندە مۇھەممەد ۋەلىبەگ، دەرۋىش ئەلى كىتابدار ۋە بابۇر مىرزىنىڭ يىگىتى كۆچ ھەيدەربەگ ئۇنىڭ ئالدىدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار نۇرانە چىراي ۋە سالاپەتلىك شائىرغا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى. نەۋائىي بابۇر مىرزىنىڭ يىگىتىگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن، مۇلايىم ھالدا مۇراجىئەت قىلدى:

— سەمەرقەنتكە بارغىنىڭىزدا مىرزىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرغايسىز. پادىشاھ ئالىي ھەزرەت، مەۋلانە كامالىددىن ھۈسەيىن گازۇرگاھىدىن ئىبارەت ياخشى بىر زات باشلىق ئەلچىلەرنى سەمەرقەنتكە يولغا سېلىش ئۈچۈن ئاستراباددىن چاپارمەن ئارقىلىق پەرمان ئەۋەتتى. تەييارلىق ئىشلىرىغا دىۋان تەرىپىدىن بۈگۈن كۆرسەتمە بېرىلۇر. ئېھتىمال يېقىن كۈنلەردە سەپەرگە چىقىدۇ.

كۆچ ھەيدەربەگ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى، كېيىن جايىغا ئولتۇرۇپ:

— تەشەككۈر ئەمىر ھەزرەتلىرى، ئەمما ... مىرزا چېرىك بىلەن ياردەم بېرىلىشىنى كۈتمەكتە. مىرزىغا ھازىر ئەندىجاندىن خەلىل مىرزا نۆكەرلىرى بىلەن يەنە ئەييۇببەگچەك ۋە قەشقەر مەھمۇدلەر ئۆز كىشىلىرى بىلەن ياردەمگە كەلدى. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە بەدىئۇززەمان مىرزا ياردەمگە قول سوزسىلا، شەيبانىخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش نىيىتى بار ئوخشايدۇ.

— بىلىمەن، لېكىن پادىشاھ ئالىي ھەزرەت نېمىشقىدۇر چېرىك بىلەن ياردەم بېرىشكە ئالدىرىماۋاتىدۇ. ئەلچىلەرنىڭ ھازىر سەمەرقەنتكە — بابۇر مىرزا ھۇزۇرىغا بېرىشىنىڭ ئۆزى شەيبانى كۆڭلىگە غۇلغۇلا سالغۇسىدۇر. بەلكى ئەلچىلەر ئەھۋالنى باھالاپ قوشۇن بىلەن ياردەم بېرىش خوراسان

مەنپەئىتىدە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىشار. ئەگەر شەيبانىخان سەمەرقەنتنى ئېلىپ ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلەپ بولغان ھامانلا قوشۇنلىرىنى ھىراتقا ئەۋەتىشتىن ئەنسىرەيمەن. بۇ ئەندىشەمنى پادىشاھ ئالىي ھەزرەتكە بىلدۈرگەنىدىم، ماڭا تەسەللى بېرىپ: «شەيبانىخان بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ يېزىپتۇ.

— بىز خانىنىڭ نەپسى ماۋەرائۇننەھر بىلەن توياماس، دەپ ئويلايمىز، ھەزرىتىم، — نەۋائىينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى دەرۋىش ئەلى كىتابدار، — بىز زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر ھۇزۇرىدا بولغىنىمىزدا شۇنىڭغا ئىقرار بولدۇق. بەزى ئەسىر ئېلىنغان نۆكەرلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدۇق، شۇنداق تەسىرات قالدى.

— مىرزىنىڭمۇ پىكىرلىرى شۇنداق، بۇنى سىز ھەزرەتكە يەتكۈزۈشۈمنى سورىغانىدى، — دېدى مۇھەممەد ۋەلىبەگ.

— پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ئاستىرابادتىن قايتقىنىدىن كېيىن يەنە مەسلىھەت قىلۇرمىز، — نەۋائىي سەمەرقەنتتىن كەلگەن يىگىتكە تىكىلدى، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى: — دەرۋەقە، بابۇر مىرزىغا دۇئايى سالىمىمنى يەتكۈزەرسىز، ئەۋەتكەن رۇبائىيلىرىنى ئوقۇپ، كۆڭلۈم شاد بولدى، خېلى تەسەللى تاپتىم. ئافتاپ تەلئەت مۇمىن مىرزا قەتل قىلىنغاندىن كېيىن كۆڭلۈم كۆپ بۇزۇلغانىدى. خەيرىيات، تېمۇرى شاھزادىلاردىن زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇردەك مۇناسىپ مەرت يىگىت چىقىپتۇ. سەمەرقەنت ۋە ھىرى ئىتتىپاقى — خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر ئاسايىشى ۋە پاراۋانلىقىدۇر. پىكرىمنى مىرزىغا بىلدۈرەرسىز.

— ئىنشائالللا، — قۇللۇق قىلدى كۆچ ھەيدەربەگ.

— يەنە بۇنىمۇ بابۇر مىرزىغا يەتكۈزەرسىز، يېقىندىن پۈتۈلگەن «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن»، — نەۋائىي كىتابنى كۆچ ھەيدەربەگكە ئۇزاتتى.

كۆچ ھەيدەربەگ ئىككى قوللاپ كىتابنى ئېلىپ، ئۈچ مەرتە سۆيدى ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزگەندىن كېيىن:

— مىرزىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكۇسىدۇر. ھەزرەت، ئەمدى ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، — دېدى.

— رۇخسەت بېرىمەن. پەقەت بىرئاز مۇھلەت ئۆتسۇن، ئاندىن ئېھتىياتكارلىق بىلەن يولغا چىقىڭ.

— شەيبانى ئايغاقچىلىرى ھىراتتىمۇ كۆپ، ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، — نەۋائىينىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى مۇھەممەد ۋەلىبەگ.

## 4

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ سەمەرقەنتنى ئىككىنچى قېتىم قولىغا ئالغىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، شەيبانىخان بۇخارا تەرەپكە كەتتى، ئۇ بۇ يەردە تۇرۇپ كۈچ توپلىماقتا ئىدى. تۈركىستان تەرەپتىن ئۇنىڭغا ياردەم كەلگەنمىش. بابۇر مىرزا ھىراتقا ئەلچىسى نەۋائىي ھۇزۇرىغا ئىشەنچلىك يىگىتى — كۆچ ھەيدەرنى بەلخكە، يەئنى بەدىئۇززەمان مىرزا ھۇزۇرىغا قارا بارلاسنى ئەۋەتتى، ئۇلار تېز ئارىدا قايتسا كېرەك. ئەگەر ھۈسەيىن بايقارا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بەدىئۇززەمان مىرزا ياردەمگە

نۆۋكەرلىرىنى ئەۋەتسە شەيبانىخاننى يېڭىش مۇمكىن بولاتتى. ھۈسەيىن بايقارا ئاستراباد ھاكىمى — ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشقا كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئاتا - بالا سۈلھى تۈزۈشەر ئىمىش دېگەن خەۋەر كەلدى: دەرھەقىقەت شۇنداق بولسا، بەلكى ھىراتتىن ياردەم كېلىپ قالار.

سەمەرقەنت پەتىھ ئېتىلگەندىن كېيىن ئازغىنا ۋاقىت ئۆتۈپ شاۋدار، سوغد، مىيانقال قورغانلىرى ۋە تۇمەنلىرى بابۇر مىرزىغا تەۋە بولدى. غۇزار ۋە قەرشى شەيبانىخان ئىختىيارىدىن چىقتى. بابۇر مىرزىنىڭ قوشۇنى ياردەمگە كەلگەن ۋە سەمەرقەنت پىدائىيلىرى ئۈچ مىڭ ئاتلىقتىن ئاشتى.

بابۇر مىرزا ھازىرقى ئەھۋالدىن خېلىلا مەمنۇن ئىدى. قەلئە تاملىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرى ئوڭشالدى. كېچە - كۈندۈز ساقچىلار ھەممە دەرۋازىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى. شەھەر ئاھالىسى بىر ئاز ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى. ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر، شەھەر، قىشلاق ئاھالىسى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

بابۇر مىرزا يېنىغا قاسىمبەگنى ئېلىپ رەستىدىن ئايلانغىلى چىقتى. بازار ئاۋام روھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۆزى ئادەملەر بىلەن ئۇچراشسا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىراق چۈشىنىدۇ، بۇنىڭدىن سىرت، سەمەرقەنت بازىرىدا كىتابلار كۆپ، ئۇلاردىن سېتىۋېلىش كېرەك.

بابۇر مىرزا رەستىلەرنى ئايلىنىپ، بازارنىڭ ناچار ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرىكى تۆكمە ھالەتنىڭ يوقلۇقىنى، نەرخنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدى - دە، كۆڭلى بۇزۇلدى، تېززەك شەيبانىخانغا قارشى كۈچ توپلاپ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىقرار بولدى ۋە قاسىمبەگكە بۈگۈن پېشىن نامازدىن كېيىن قوشۇن كۆرىكىنى بىللە ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىشنى بۇيرۇدى.

ئۇلار ئايلىنىپ كىتابدارلار ئالدىغا كەلدى، رەستىدە كىتابپۇرۇشلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. مانا ئىمام ئەل - غەززالى ۋە مۇئەللىمى سانى فارابىنىڭ بىرنەچچە ئەسەرلىرى، ئىبن سىنانىڭ «قانۇن» ۋە «ئەش - شىپا»سى، خاجە ئەھرار ۋە خاجە ئەبۇللەيس رىسالىلىرى، سەئدى، ھافىز، سەنايى كەمال خوجەندىي، لۇتفىي، جامىي، نەۋائىي دىۋانلىرى ۋە كۇللىياتلىرى. بابىر مىرزا ئۆزىگە لايىق كىتابنى تاللىدى - دە، سودىلاشمايلا ھەققىنى تۆلەپ، نۆۋكەرگە ئات ئۈستىگە ئارتىلغان خۇرجۇنغا سېلىشنى بۇيرۇدى. شەھەردە ئەھۋال ئېغىر بولۇشىغا قارىماي كىتابلار قىممەت ئىدى. دېمەك، كىتاب سېتىۋېلىش، ئىلىمگە قىزىقىش ھازىرمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۇنىڭدىن بابۇر مىرزىنىڭ كۆڭلى يورۇدى. ئۇ قاسىمبەگ بىلەن ئاتلىرىغا مىنىپ سارايغا كەتتى.

بابۇر مىرزا سارايغا قايتىپ كېلىپلا، سېتىۋالغان كىتابلىرىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. سەئىد قاسىم ئىشىكئاغا كىتابلارنى ئېلىپ كېلىش بىلەنلا، بابىر مىرزا ئۇنى بىر - بىرلەپ قايتا كۆرۈپ چىقتى - دە، خاجە ئەھرارنىڭ كىتابىنى ئايرىپ ئېلىپ، ئېھتىرام بىلەن قولىغا ئېلىپ سۆيدى، كۆزىگە سۈرتتى ۋە ئاۋايلاپ ۋاراقلىدى، سەمەرقەنتنى ئېلىش ھارپىسىدا كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدى. چۈشىدە خاجە ئۇبەيدۇللاھ كەلگەنمىش. بابۇر مىرزا ھەزرەت ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانمىش. ھەزرەت ئولتۇرغاندا ئاددىيلا داستىخان سېلىنغانمىش. ھەزرەت نېمە دەيدىكىن دەپ تۇرسا، بابۇر مىرزىغا قاراپ ئىشارەت قىلغانمىش. بابۇر مىرزا: «بۇ ئىش مەندىن ئەمەس، داستىخان سالغۇچى سەۋەنلىك قىپتۇ» دېگەنمىش. ھەزرەت ئۆزرىنى قوبۇل قىلغانمىش ۋە ئۆيدىن چىققانمىش، بابۇر مىرزا ئۆزىتىپ

چىققانمىش. ھويلىدا ھەزرەت خاجە ئۇبەيدۇللاھ بابۇر مىرزىنى قولىدىن تۇتۇپ كۆتۈرگەنمىش، مىرزىنىڭ بىر ئايىغى يەردىن كۆتۈرۈلگەنمىش. تۈرك تىلىدا: «شەيخ مەسلىھەت بەردى» دېگەنمىش... بۇ چۈشنى كۆرۈپ بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ سەمەرقەنت ئېلىندى.

بابۇر مىرزا خىيال قاينىمىدا ھاياجاندىن كۆزىنى يۇمدى، بىر تامچە ياش كۆڭۈل بۇلىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ پاكىز چىرايى، مەردانە يۈزىگە يۇمىلاپ چۈشتى. بابۇر مىرزا كىچىك كۆزدە بار - يوقى ئىككى يۈز قىرىق يىگىت بىلەن سەمەرقەنت يېنىدىكى ئەسفىدەك قورغىنىدا تۇرغانىدى. بىر كۈنى ئەڭ يېقىنلىرى دوست ناسىر، نويان كوكۇلتاش، خانقۇلى كەرىمداد، شەيخ دەرۋىش خۇسرەۋ كوكۇلتاش مىرىم ناسىرلار سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بابۇر مىرزا ئۇلاردىن مۇستەھكەم قەلئەسى بولغان سەمەرقەنتنى قاچان ئېلىش مۇمكىنلىكىنى سورىغىنىدا بەزىلەر: بىر ئاي، بەزىلەر: ئالتە - يەتتە ئاي، يازدا، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. نويان كوكۇلتاش ئون تۆت كۈن دېگەنىدى، ئون تۆت كۈندە شەھەر ئېلىندى. بۇ ئىش ئەسلىدە نويان كوكۇلتاشقا ئايان بولغانىكەن!

سەمەرقەنت قەلئەسى تەئرىپى ئالەمگە يېيىلغان، بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆزى باش بولۇپ قۇرغان، شائىرلار:

> كۇنگۇرەئى دەندان شۇدە بەر شەھرىبەند،
> تاكى بىھايەد سەرى قەسرى بەلەند.
> سۇرخ شۇد ئەز شەرمكى، شۇد خاك بۇس،
> كۇنگۇرەئى ئەرش چۇ تاجى خۇرۇس.

دەپ تەرىپلەپ شېئىر يازغان قەلئەنى شەيبانىخان شەھەر ھاكىمى قىلىپ قالدۇرغان جانۋەفا مىرزا بەش - ئالتە يۈز نۆكىرى بىلەن مۇداپىئەدە بولغىنىدا، ئېلىش مۈشكۈل ئىش بولغانىدى. ئاللا ئىنايىتى بىلەن ئېلىندى ...

بابۇر مىرزا تەلىيىنى سىناپ تەۋەككۇلىگە كىتابنى ئاچقانىدى، «ۋالىدىيە» سەھىپىسى چىقتى. بابۇر مىرزا بۇنى ياخشى ئالامەت دەپ بىلدى. «قېنى ئەمدى بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى تۈركچىگە ئۆرۈسەم» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. رىسالە مۇتالىئەسىگە بېرىلىپ كەتكەن بابۇر مىرزىنى پېشىن نامىزىغا چاقىرىپ ئېيتىلغان ئەزان ئاۋازى سەگەكلەشتۈردى، ئۇ كىتابنى ياستۇق ئاستىغا قويدى - دە، نامازغا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن بابۇر مىرزا قاسىمبەگ بىلەن رىگىستان يېنىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قوشۇن كۆرىكىگە باردى. قەلئەدىكى ئۈچ مىڭغا يېقىن ئاتلىقلار ۋە يەنە شۇنچىلىك پىيادە ئەسكەرلەر مەيدانغا توپلانغانىدى. يىراقتىن بابۇر مىرزا ۋە قاسىمبەگنى كۆرۈپ ئۇلار سەپكە تىزىلىشقا باشلىدى. ناغرىلار چېلىندى، تۇغدارلار، بايراقدارلار سەپ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشتى. بابۇر مىرزىنىڭ تاللانغان، ئۇرۇش كۆرگەن جەسۇر ئاتلىق يىگىتلىرى ئايرىم سەپ تۈزۈشكەنىدى. ئۇلار ئىچىم كىيىنگەن، قوراللىرى جايىدا، ھەرقاچان جەڭگە كىرىشكە تەييار يىگىتلەر ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى بەش - ئون نۆكەرگە تەڭ كېلەلەيتتى.

ئايرىم سەپلەردە بەزى نۆكەرلەر كەمەرلىرىنى ئالدىراش باغلىشاتتى، قىلىچلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى.

بابۇر مىرزا ئۇچقۇر ئېتى ئۈستىدە سەپلەرنى ئايلىنىپ چىقتى - دە، مۇھەممەد مەزىد، خاجە ھۇسەين ۋە قەنبەر ئەلى سەللاخنى مەيدان ئوتتۇرىسىغا چاقىردى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى كىيىم ۋە قوراللىرىنى تۈزىتىۋاتقان نۆكەرلەرنى كۆرسىتىپ تەنبىھ بەردى:

— نۆكەر دائىم تەق تۇرمىقى كېرەك. ئەگەر ھازىر دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇ نۆكەر كەمىرىنى باغلىغۇچە كۆكسىگە ئوق سانجىلىدۇ. رىۋايەت قىلىندۇلاركى، قوشۇنى سەپ تۈزگەندە ئىسكەندەرنىڭ بىر سىپاھى كىچىك نەيزىسىنىڭ تاسمىسىنى توغرىلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ھەيدىۋېتىپ: «قورال ئىشلىتىش كېرەك بولغان پەيتتە ئۇنى توغرىلاۋاتقان جەڭچى جەڭگە يارىماس» دېگەنىكەن، — بابۇر مىرزا ئۆزىدىن ھەتتا 25 ـ 30 ياش چوڭ بولغان مەسلەكداشلىرىغا تەنبىھ بېرىۋاتقاندا، ئۆزىنى ئوڭايسىزلانغاندەك ھېس قىلىسىمۇ، لېكىن بىلىندۇرمەي سۆزىنى داۋام ئەتتى، — ئۇلۇغ بوۋىمىز ئەمىر تۆمۈربەگ نۆكەرلەرنىڭ ھەر ۋاقىت تەق تۇرۇشىغا، قورال - ئەسلىھەلىرىنىڭ تولۇقلۇقىغا، ھەربىي مەشقلەرگە زور ئەھمىيەت بەرگەن. بىزمۇ بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايلى.

— مىرزا! — خاجە ھۇسەيىن ئويناقلاپ تۇرغان ئۇچقۇر ئېتىنى تىنچلاندۇرماقچى بولۇپ بابۇر مىرزىغا مۇراجىئەت قىلدى، — خاس يىگىتلىرىڭىز باشقا نۆكەرلەرنى ئون كىشىدىن - ئون كىشىدىن مەشق قىلدۇرسا، ئۇلار ئات ئۈستىدە قىلىچ بىلەن چېپىشنى، دۈشمەننى قوغلىغاندا ۋە قاچقاندا ئاتتا چېپىپ كېتىۋېتىپ كاماندىن مولچالغا ئوق ئېتىش ۋە پىيادە نەيزە بىلەن ئۇرۇشۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالسا.

— دۇرۇس، خاجە، قاسىمبەگ بۇ ئىشنى مەسلىھەت بويىچە بېجىرىدۇ.

— شەيبانىخان كۈچ توپلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشى مۇمكىن.

مۇھەممەد مەزىدمۇ گەپكە قوشۇلدى.

— قەلئەدىكى بۇغداي، گۈرۈچكە ئوخشاش دان ھەمدە ئات ـ ئۇلاغ يەم زاپىسىنى ئېنىقلاپ قويۇش كېرەك.

— ھازىرچە شەيبانىخان شەھەرنى قامال قىلىش ئېھتىمالىدىن يىراقتۇر. لېكىن، ياخشى ئەسلەتتىڭىز، بۇ زۆرۈر مەسىلىنى ئەمىرلەر بىلەن ئەتە سۆھبەتتە تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلماق لازىم. قوشۇنىنىڭ مائاشى ۋاقتىدا بېرىلسۇن. ھەر كىم تەيىنلەنگەن ئورنىدا بولسۇن. بىز ھازىر مۇھەممەد تارخان، سەيىد قاسىم ئىشىكئاغا ۋە مىرشاھ قاۋچىنلار شەيخۇل ئىسلام ھەزرەتلىرىنىڭ زىيارىتىگە بارىمىز. زۆرۈر بولسا، شۇ دەرگاھتىن تاپارسىز.

## 5

«فىتنە» شەيبانىخان بەرگەن لەقەم بولۇپ، بۇ جۇۋاننىڭ ئەسلىي ئىسمى نازۇك ئايىم ئىدى، ئ
ئەندەلۇسىيەدە تۇغۇلۇپ، بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى سەمەرقەنتكە كۆچۈپ كەلگەنىدى. شەيبانىخا
نازۇك ئايىمنىڭ پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكى ۋە دانا ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا فىتنە نامىن
قويغانىدى. نازۇك ئايىمنىڭ ئېرى شەيبانىخاننىڭ باھادىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، بابۇر مىرزا
شەيبانىخان ئوتتۇرىسىدىكى ئەندىجان ئۈچۈن بولغان كىچىك توقۇنۇشتا ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭدى

بۇيان ئايىمنىڭ بابۇر مىرزىغا ئاداۋىتى بار ئىدى. بۇنى شەيبانىخان ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن بابۇر مىرزىغا زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن بەزىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇ ئايالنىڭ ھۆسنى - لاتاپىتىگە ئۆزى مەپتۇن بولسىمۇ، سىياسىي فىتنىلەردە پايدىلانغىنى ئۈچۈن ھەرىمىگە كىرگۈزمىگەنىدى. نازۇك ئايىم نىسبەتەن ئازات ۋە ئەركە، شەيبانىخاننىڭ بابۇر مىرزىغا قارشى كۆرىشىدە پىدائىي، نىشانغا خاتاسىز تېگىدىغان قورالى ئىدى.

شەيبانىخان بابۇر مىرزىنىڭ سۆيۈملۈك ئاپىسى، شۇ دەۋردە ماۋەرائۇننەھردە ئەڭ گۈزەل، پەزىلەت ساھىبى، ئەقىللىق قىز بولغان خانزادە بېگىمگە ئاشىق ئىدى، كېيىن سەمەرقەنت قامالىدا بابۇر مىرزا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ، سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغاندا، سۇلھىنىڭ يېزىلمىغان شەرتلىرىدىن بىرى — خانزادە بېگىمنى خانغا بېرىش كېرەكلىكىنى خانغا ئۇقتۇرۇپ، بابۇر مىرزىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىشىگە سەۋەبچى بولغان شۇ فىتنە — نازۇك ئايىم ئىدى.

فىتنە ھىراتقا سوغ چۈشكەندە، ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپاتىنىڭ يەتتىنچى كۈنى يېتىپ كەلدى. ھىرات سەلتەنەت تۈۋرۈكى، مەملىكەت تايانچى، دىنۇ دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بىرى، مەملىكەت ۋە مىللەت ساھىبلىرىنىڭ پېشىۋاسى، خەيرلىك بىنالارنىڭ قۇرغۇچىسى، خاقانى دۆلەتنىڭ مەدەتكارى، سۇلتان ھەزرەتلىرىنىڭ يېقىنى نىزامىددىن مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن بوشاپ قالغان، مۇڭ، ئەلەم، ئۆكۈنۈش قۇچىقىدا ئىدى.

ئەدەبىي پائالىيەتلەردە، كاسىپلار ۋە ھۈنەرۋەنلەر، زەرگەرلەر ۋە دۇكاندارلار، مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلار، ئۆلىما ۋە دەرۋىشلەر، ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپاتىغا يېزىلغان روھىي ئازاب مەرسىيەلىرى، تارىخلارنى ئوقۇپ، دىللارنى لەرزىگە سالغۇچى دەردلىك كۈيلەرنى چېلىپ، كۆزلەردىن قانلىق ياش ئاققۇزغۇچى نالە قوشاقلىرىنى كۈيلەپ، ئۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىنى ئەسلەيتتى. شۇ كۈنى ھۈسەيىن بايقارا ۋە خەدىچە بېگىم بىر ھەپتە داۋام ئەتكەن تەزىيەلەردىن كېيىن ھەۋزى ماھىياندا مەرىكە ئېشى بېرىپ، ماتەم كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى، شائىرنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە يېقىنلىرىغا، مۇسىبەت ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىگە سوۋغا بەردى. مەۋلانا كامالىددىن ھۈسەيىن گازۇرگاھىي باشلىق ئەلچىلەر ئىلگىرى دىۋاننىڭ بېپەرۋالىق بىلەن ئارقىسىغا سۆرەش ئۈچۈن يوللار بېكىتىلگەن، دېگەن باھانىلەر بىلەن، كېيىن بولسا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرغىچە ھىراتتا ئىدى. ھىرات سارىيى بۇ ئېغىر يوقىتىش، ئىچكى فىتنىلەر ۋە نىزالاردىن بوشىماي، بابۇر مىرزىنى ئۇنۇتقاندەك قىلاتتى، فىتنە ھىراتقا كەلگەن كۈنىلا سەمەرقەنتكە كارۋان ماڭمىغىنىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئاسان ئىدى. چۈنكى، شەيبانىخان ھىراتتا كىم بىلەن ئۇچرىشىش زۆرۈرلۈكىنى، كىم ئۇنىڭ خەدىچە بېگىم «زىيارىتىگە» كىرىشىگە ياردەم بېرىشىنى چۈشەندۈرگەنىدى.

ھىراتتا فىتنە چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسى ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئەر - خوتۇن بولۇپ، يالغۇز ئوغلى مەشھەدكە كېتىپ قالغان ۋە دەرۋىشلەر بىلەن يۇرت كېزىپ يۈرەتتى. ئۇلار ھىراتتىكى ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار ئىدى. پادىشاھ تەزىيەدار بولغانلىقى سەۋەبلىك دۆلەت ئىشلىرىنى گويا ئۇنۇتقاندەك ئىدى. ھۈسەيىن بايقارا ئەڭ يېقىن دوستى، يۆلەنگەن تېغى ئەلىشىر نەۋائىيدىن ئەبەدىي جۇدا بولۇپ، خۇدىنى يوقىتىپ گاراڭ بولۇپ يۈردى. مەرھۇمنىڭ يەتتىسىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى ۋەزىر خاجە ئەفزەلنى چاقىرتتۇرۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈردى. ئەلچىلەرنىڭ سەمەرقەنتكە ھازىرغىچە كەتمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولدى ۋە تېزلىك بىلەن كارۋاننى ھازىرلاشنى بۇيرۇدى. ۋەزىر خاجە

ئەفزەل باشچىلىقىدا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىشكە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

فىتنە تۇرۇۋاتقان ئۆي ئىگىسى كوزىچى مۇھەممەدنى ئالدىراپ كېلىپ خوتۇنىغا مېھمان ئايالنى كۆرۈشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. فىتنە تۇرۇۋاتقان خانىگە ئۆي ئىگىسى ئايال كىردى ـ دە، بوسۇغىدا تۇرۇپ:

— خانىم، ئېرىمنىڭ سىزگە زۆرۈر گېپى بار ئىكەن، قوبۇل قىلسىڭىز، — دېدى.

— مەرھەمەت كىرسۇن، — قولىدىكى كىتابىنى يېپىقىغا قويدى فىتنە ۋە رومىلىنى بېشىغا ئارتىپ، يۈزىنى ياپتى.

ئۆي ئىگىسى ئايال كۆز قىرى بىلەن نازۇك ئايىم — فىتنە ئوقۇۋاتقان كىتابقا قارىدى. بۇ نەۋائىينىڭ دىۋانى ئىدى. ئايال تەئەججۇپ بىلەن نازۇك ئايىمغا بىر تىكىلدى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ ئېرىنى چاقىردى:

— كىرىڭ، خانىم سىزنى كۈتمەكتە، — ئېرى ئۆيگە كىردى ۋە كەتمەكچى بولۇۋىدى، فىتنە ئۇنى توختاتتى.

— ياق، شۇ يەردە بولۇڭ، سىزدىن يوشۇرۇن سۆزىمىز يوق، خالىي قالساق، مۇسۇلمانچىلىققىمۇ زىتتۇر... ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — ئورنىدىن تۇردى فىتنە.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مۇھەممەدنى كوزىچى بىر چەتكە ئولتۇردى، — خانىم، مۇھىم يېڭى خەۋەر باردۇر.

— مۇھىم بولسا تېزرەك ئېيتىڭ!

— بۈگۈن پادىشاھ ئالىي پەرمان بېرىپ، سەمەرقەنتكە تېزدىن ئەلچى ئەۋەتىشنى ئېيتىپتۇ، شۇ چاغقىچە ماڭمىغانلىقىدىن دەرغەزەپ بولۇپتۇ.

— دەرغەزەپ بولغىنى ئورۇنلۇق، پادىشاھ سەمەرقەنتكە ئەلچى ئەۋەتىشكە ئەلشىربەگ مەسلىھەتى بىلەن قارار قىلغانىدى. ئەلچى ئەۋەتىلمىسە، دوستقا خىيانەت قىلغانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

— ئۇ ھالدا ئالىي ھەزرەت خانىنىڭ تاپشۇرۇقى قانداق بولار؟ — كوزىچى مۇھەممەدنىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— قانداق تاپشۇرۇق؟ — سورىدى فىتنە ئېھتىيات بىلەن.

— خانىم، بىز ئالىي ھەزرەت شەيبانىخانىنىڭ سىزدەك ئىشەنچلىك ئادەملىرىمىز. بىز ئالىي پەرمان ئالغانمىز. سىزگە ياردەم بېرىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر. لېكىن، ئىش مۇشكۈللىشىپ قالدى.

— گېپىڭىز توغرا، سارايدا سىزگە خەيرخاھ مەنسەپدار بارمۇ؟

— بار، خانىم، ئەمىر — ... كوزىچى بىر پەس «ئېيتايمۇ، ئېيتمايمۇ» دەپ ئويلاندى ـ دە: — ئەمىر مۇزەپپەر، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بولمىسا، — كوزىچىنىڭ سۆزىنى بۆلدى فىتنە، — بۈگۈن شۇ ئەمىر بىلەن ئۇچرىشىڭ. ئول ئەمىر خەدىچە بېگىمنىڭ يېقىن كېنىزەكلىرىدىن بىرىگە: «سەمەرقەنتتىن ئالىي مەرتىۋىلىك بىر خانىم كەپتۇ، ئۇ خانىم مەلىكىگە ئەمىر ئەلىشىرنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە بىلدۈرمەكچى ئىكەن، قاچان قوبۇل قىلىدىكىن»، دەپ ئېيتسۇن. كېنىزەك ئىسمىمنى سورىسا، «ئىسمىنى پىنھان ساقلاپ ئېيتمىدى، ئۆزىنى پەقەت مەلىكىگە تونۇشتۇرماقچى» دېسۇن.

— خوپ، بولىدۇ خانىم، لېكىن ...

— چۈشەندىم، — فىتنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي بۇلۇڭىدا تۇرغان كىچىككىنە ساندۇقچە ئالدىغا بېرىپ قاپقاقنى ئاچتى - دە، بىرنەرسە ئېلىپ قايتىپ جايىغا ئولتۇرغاچ، مۇھەددىنگە ئۇزاتتى، — ئەمىرگە سوۋغا بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر ئالتۇننى ئېلىڭ، ئىش ئاسانلىشىدۇ. مانا بۇنى، — ئۇ چەپ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى ئالدى، — كېنىزەككە بېرىڭ.

كوزىچى مۇھەددىن ئالتۇن تەڭگىلەردىن يېرىمىنى ئالدى - دە، فىتنىگە يېنىڭ بولۇپ قالغان خالتىنى ئۇزاتتى. فىتنە خالتىنى ئېلىپ يېنىدىكى ياستۇق تېگىگە قويدى.

— ئەمىر بىلەن ئۇچراشقىنىڭىزدىن كېيىن ماڭا خەۋەر بېرىڭ، كېچىسىمۇ، كۈندۈزمۇ، مەن ساقمۇ، بىتاپمۇ، مەن ئويغاقمۇ، ئۇيقۇدىمۇ، دەرھال ھۇزۇرۇمغا كېلىڭ، ھەرگىز كېيىنگە سۈرمەڭ، مەلىكە ئۈچۈن گورجىستاندىن گۈل كەلتۈرۈلگەن، ئۇنى ئەمىر كۆرسەتكەن كېنىزەككە بېرىش كېرەك. خۇدا يار بولسۇن، — فىتنە ئوقۇۋاتقان كىتابىنى قولىغا ئالدى.

ئەر - خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىشتى. فىتنە كىتابنى قايتا جايىغا قويۇپ دەھلىزدىكى ئوچاق ئالدىغا باردى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، يالقۇنى پەسىيىپ قالغان ئوتقا ئوتۇن تاشلىدى، مۇزلىغان نازۇك، ئاپپاق قوللىرىنى ئوتقا قاقلىدى. ئۇ خەدىچە بېگىم بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلايتتى. مەلىكە ئۇنى قاچان قوبۇل قىلىدۇ؟ قوبۇل قىلارمۇ؟

## 6

كۆچ ھەيدەربەگ سەمەرقەنتكە كېلىش بىلەن دەرھال خاجە كالاننى ئىزدەپ تاپتى. يىگىت يىرتىلىپ كەتكەن يالاڭ كىيىمدە، كۆزىنىڭ ئەتراپى ئىششىغان، كۆكەرگەن، ئۆزى ئاجايىپ بىر ئەھۋالدا بولغىنىدىن خاجە كالان ئۇنى دەررۇ تونۇيالماي قالدى، كېيىن تونۇپ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى، ئەھۋالنى سورىدى.

— نېمە بولدى، ھەيدەربەگ؟ ئەھۋالىڭ يامان كۆرۈنىدۇ!

— تەقسىرىم، ئاۋۋال بابۇر مىرزىغا يىگىت ئەۋەتىپ مېنىڭ كەلگەنلىكىم خەۋىرىنى يەتكۈزسىڭىز! كېيىن يۇيۇنۇپ باشقا كىيىم كىيىۋالاي، مىرزا بىلەن بۇنداق ئۇچراشسام ئۇيات بولار؟

— ئەلۋەتتە، تېز ھاماماغا كىرىپ يۇيۇنۇۋېلىڭ. كىيىم بېرىشنى بۇيراي، ئۆزۈم بېرىپ بابۇر مىرزىغا خەۋەر قىلاي، ئول زات ھازىر شەيخۇلئىسلام زىيارىتىدەدۇر. شەيبانى يىگىتلىرىدىن ئاجايىپ بىر ئاتنى ئولجا ئالغانىدىم، ئوقتەك ئۇچىدۇ. تېز قايتىپ كېلىمەن، — خاجە كالان مۇلازىمغا كۆچ ھەيدەرگە ياردەم بېرىش، كىيىم بېرىش ۋە ئۇنىڭغا تائام تەييارلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى - دە، ئۆزى ئاتخانا تەرەپكە ئالدىرىدى، ئۇ ھىراتتىن مۇھىم خەۋەر كەلگىنىنى بىلەتتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى، خاجە كالان تۇرغان ئۆيگە بابۇر مىرزا، قاسىمبەگ، سەيىد قاسىمبەگ ئىشىكئاغا ۋە خاجە كالاننىڭ ئۆزى يېتىپ كەلدى. بابۇر مىرزا تاقەتسىزلىنىپ، كۆچ ھەيدەر بىلەن سارايدا ئەمەس، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئۇچرىشىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇ ھىراتتىن كېلىدىغان خەۋەرنى شۇنداق زارىقىپ كۈتەتتى.

يېڭىلا بابۇر مىرزا شەيخۇلئىسلام ئەبۇلمەكارىم ھەزرەتتىن ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ۋاپات ئەتكىنى ھەققىدىكى مۇدھىش خەۋەرنى ئاڭلىدى. شەيخۇلئىسلام ئۆيىدىكى سۆھبەت پەقەت ئەلىشىربەگ

تۇغرىسىدا، ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلىرى، غەزەلىياتى، قەسىدىلىرى ۋە مەسنەۋىيلىرى، بۈيۈك «خەمىسە»سى خۇسۇسىدا بولدى. شەيخۇلئىسلام قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىپ، ئەلشىربەگنىڭ روھىغا بېغىشلىدى. دوستلار خامۇش، مۇسىبەتلىك ئىدى.

پاكىز ئورۇن سېلىنغان خانىگە كىرىپ ئەمدىلا ئولتۇرغانىدى، سالام بېرىپ كۆچ ھەيدەر كەلدى. بابۇر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ماتەمدە ئولتۇرغانلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ھەرھالدا ئۇ خۇشخەۋەر بىلەن كەلگەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار بۇنچىۋالا خاپا؟ پاتىھە ئوقۇلدى.

— سىزنى ئۇزاقتىن بۇيان كۈتمەكتىمىز، ئۇزاق تۇرۇپ قالدىڭىز ھەيدەربەگ، — بابۇر مىرزا ئۆزىدىن بىر ـ ئىككى ياش چوڭ كۆچ ھەيدەرگە سىنچىلاپ تىكىلدى.

— مىرزا، — ئەدەپ بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى خاجە كالان، — مىنىڭچە ھەيدەربەگ ھەزرىتى نەۋائىي ۋاپاتىدىن بىخەۋەر ئوخشايدۇ، ھەيدەربەگ بىلەن بۇ ئۇزۇن يولدا بىرەر سەرگۇزەشت بولغاندەك كۆرۈنىدۇ.

— ھەزرىتى نەۋائىي ۋاپات بولدى؟ — چىرايى تاتارغان ھالدا سورىدى كۆچ ھەيدەربەگ، — بىز كۆرۈشكەندە ھارغىن بولسىمۇ، بەردەم ئىدىغۇ؟!

— ھەيدەربەگ، ھەزرىتى نەۋائىيدىن جۇدا بولدۇق. بىر قۇدرەتلىك خەيرخاھىمىز بار ئىدى، ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق، — بابۇر مىرزا كۆزىدىن ئېقىپ چۈشكەن ياشنى ئېرتتى.

— سىز ئالىي ھەزرەتكە مىرئەلىشىر ئۆز ئېھتىراملىرىنى بىلدۈرۈشۈمنى سورىغان، بىر رىسالىسىنى سىزگە ھەدىيە قىلغانىدى!

— رىسالە! ئەلشىربەگ ماڭا رىسالىسىنى بەردىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەرمەيسىز؟ قېنى؟! — بابۇر مىرزا ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— رىسالە — ... بېشىنى تۆۋەن قىلدى كۆچ ھەيدەر، — رىسالىنى يەتكۈزۈپ كېلەلمىدىم، ئالىي ھەزرەت!

— نېمە ئۈچۈن، نېمە ۋەقە يۈز بەردى؟

— ئامۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن دەشتتە شەيبانىي يىگىتلىرىگە دۇچ كېلىپ قالدىم، مەن ئۆزۈم يالغۇز، ئۇلار ئوندىن ئارتۇق ئىدى.

— كۆرۈشمەي تەسلىم بولدىڭىزمۇ؟!

— ياق، كۆرۈشتۈم، ئۇلاردىن ئۈچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككىسىنى يارىدار قىلدىم، كېيىن ئۆزۈم يارىلىنىپ قاچقىنىمدا ئېتىمغا ئوق تېگىپ يىقىلدى. مەن ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشتۈم.

— كېيىن نېمە بولدى؟

— شەيبانى ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى ··· سوراق قىلدى.

— سىرنى ئاشكارىلاپ قويمىغانسىز؟

— ياق، ئالىي ھەزرەت، ئەمما، ئەلشىربەگ رىسالىسىنى كۆرۈپ شەيبانىخان كۆپ شۈبھىلەندى، «سەن ھىراتتىن كېلىۋېتىپسەن، راست گەپنى ئېيت» دەپ تەھدىت سالدى، قىينىدى.

— ھە، ئەھۋالىڭىزدىن مەلۇم.

— بىر ھەپتىدىن كېيىن كېچىسى قېچىشقا پۇرسەت تاپتىم. ئات ـ ئۇلاغسىز دەشتتە يوشۇرۇنۇپ سەرسان يۈردۈم. كېچىكىشىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

— ھېچ بولمىسا رىسالىنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىڭ!
— «مۇھاكەمەتۇل – لۇغەتەين»، ئالىي ھەزرەت.
— «مۇھاكەمەتۇل – لۇغەتەين»! ئەپسۇس ... تەقدىر شۇنداق ئىكەن، ھېيرىدىن يا‌ردەم كېلەرمۇ؟
— ئالىي ھەزرىتى، ئەمىر ئەلىشىربەگنىڭ ئېيتىشىچە سەمەرقەنتكە، سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزغا مەۋلانا كەمالىددىن ھۇسەيىن گازۇرگاھى باشچىلىقىدا ئالىي نوپۇزلۇق ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ھەققىدە ئالىي پەرمان بېرىلگەن، يېقىن كۈنلەردە ئەلچىلەر كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
— كەمالىددىن ھۇسەيىن گازۇرگاھى ئۇلۇغ زات. خۇشخەۋەر ئېلىپ كەپسىز، ھەيدەربەگ، باركاللا.
— مىرئەلىشىرنىڭ سىزگە ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامى تۈپەيلىدىن، ئۇ ھەزرەتنىڭ ھەرىكەت ۋە سىياسىتى بىلەن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ.
— ئالىي زاتنىڭ پاك روھى شاد بولسۇن! — ئولتۇرغانلار قوللىرىنى ئېچىپ دۇئا قىلىشتى.
— خاجە كالانبەگ، ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كۆرۈڭ. كۆچ ھەيدەرگە خەزىنە ھېسابىدىن ياخشى بىر ئات ۋە قىلىچ تارتۇق قىلىنسۇن، — بۇيرۇدى بابۇر مىرزا.
تا نامازشامغىچە بابۇر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا كۆچ ھەيدەر ھىرات تەسىراتلىرى، ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە دەشتتىكى سەرگۈزەشتلىرىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەردى. مېھمانلار شام نامىزىنى خاجە كالان ئۆيىدە ئوقۇدى.

7

بىر ھەپتە داۋامىدا تەزىيەلەرنى قوبۇل قىلىپ چارچاپ ھالىدىن كەتكەن خەدىچە بېگىم ئىككى كۈندىن بېرى ئارام ئېلىپ ئۆزىگە كەلدى. مەلىكە بىرنەچچە يىللار داۋامىدا سارايدا كۆرۈپ، سۆھبەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇلۇغلۇقىنى بىلىدىغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قانچىلىك بۈيۈك زات ئىكەنلىكىنى ئەمدى تېخىمۇ چۈشەندى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ نەۋائىيغا بولغان مېھرىنى، ئۇلارنىڭ زامانە سىناقلىرىدىن ئۆتكەن دوستلۇقى نەقەدەر سەمىمىي بولغانلىقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە قەلبى بىلەن ھېس قىلدى.
خەدىچە بېگىم ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «بەدايىئۇل – ۋەسەت» دىۋانىنى قولىغا ئالدى – دە، تاۋۇس پېيىدىن بەلگە قىلىپ قويۇلغان سەھىپىسىنى ئاچتى ۋە غەزەلنىڭ بىرىنچى مىسراسىغا كۆزى چۈشتى ۋە ياد ئوقۇشقا باشلىدى:

بىھى رەڭگىدەك ئولمىش دەردۇ ھەجرىڭدىن ماڭا سىيما،
دىماغىم ئىچرە ھەربىر تۇخمى ياڭلىغ دانەئى سەۋدا ...

بۇ غەزەلنىڭ يېزىلغىنىغا ئون ئۈچ يىل بوپتۇ. ئەمىر ئەلىشىر ئاسترابادادا بىر يىلدىن كۆپرەك تۇرۇپ ھىراتقا قايتقان كۈنلىرى ئىدى، خەدىچە بېگىم شۇ چاغدا ئۆز مۇلازىمى ئارقىلىق ئەلىشىر نەۋائىيغا قوندۇز تېرە جۇۋا ۋە بىر دانە بېھى ئەۋەتكەنىدى. بېھى بىر يىللىق ئاستراباد دەۋرىگە ئىشارەت ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشامدا نەۋائىينىڭ ئۇشبۇ غەزىلىنى مەۋلانا ئەبدۇللاھ كاتىپ مەلىكىگە

ئېلىپ كەلگەنىدى... خەدىچە بېگىم غەزەلنى ياد ئوقۇپ، چۈشۈرگىسىنى يەنە بىر قېتىم مەمنۇنلۇق بىلەن تەكرارلىدى:

نەۋائىي گەر قۇياش نارەنجىدىن بىھرەك كۆرۈر، نې تاڭ،
بىھىنى لۇتف قىلمىش مەھدى ئۇلىيا ئىسمەتۇد ـ دۇنيا.

«بۇ مىسرالاردا ئىستىھزا يوشۇرۇنغان ئەمەسمىكىن؟» مەلىكىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولدى ـ يۇ، ئۇ يەنە ئۆزىگە تەسەللى بەردى، «نېمىلا بولسۇن ئۇشبۇ سۆزلەر، بۇ تەرىپ شائىر ئەسەرلىرى بىلەن ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە قالغۇسىدۇر. ئەۋلادلار شۇ سۆزلەر بىلەن مېنى ياد ئەتكۇسىدۇر!»

مەلىكىنىڭ خىيالىنى خانىگە كىرگەن كېنىزەك گۈلنازنىڭ يېنىك يۆتەل تاۋۇشى بۇزدى.

— ئۇف... قورقىتىۋەتتىڭ، تاۋۇش چىقىرىپ كىرمەمسەن؟

— مەلىكەم، يۆتىلىپ ئىشارە بەردىم، ئاڭلىمىدىڭىز، — ئەركىلىدى گۈلناز.

گۈلناز دېگەن ئىسىمنى كېنىزەككە مەلىكە قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى سارايدا ھېچكىم بىلمەيتتى. گۈلناز دائىما خۇشچاقچاق، نازلىنىپ سۆزلەيدىغان، نازلىنىپ كۈلىدىغان كېنىزەك ئىدى. مەلىكە قىز تەبىئىتىگە ماس ئىسىم قويغانىدى.

— مىر ئەلىشىر ھېچ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ. قېنى قولۇڭنى سوزغىنا، بارمىقىڭدا يېڭى ئۈزۈك تۇرىدۇغۇ؟ — مەلىكە كېنىزەك تەرەپكە قولىنى ئۇزاتتى، ئۈزۈكىنىڭ قىممەتباھا ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزدى. «بۇنداق ئۈزۈكنى پەقەت سۇلتانلار سوۋغا قىلىشى مۇمكىن، ئالىي ھەزرەتمۇ ـ يا؟» خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

— كىم ھەدىيە قىلدى بۇنى، گۈلناز؟

— ئاكام، پادىشاھ ئالىي ھەزرەت قوشۇنى بىلەن ئاستىرابادقا بارغىنىدا ئاكام بىر كۈرد سودىگەردىن ئەرزان باھادا ئالغانىكەن، — ھېچ ئويىلىماي، نازلىنىپ جاۋاب بەردى گۈلناز قولىنى مەلىكىگە ئۇزىتىپ.

— شۇنداقمۇ؟ — مەلىكە كېنىزەكنىڭ سۈرمە قويۇلغان كۆزلىرىگە تىكىلدى، چىرايلىق شەھلا كۆزلەر كۈلۈپ تۇراتتى، — شاھانە سوۋغا. باھاسى چوڭ شەھەرنىڭ بىر ئايلىق بېجى بىلەن باراۋەر، چاقىرمىسام نېمىگە كەلدىڭ؟

— مەلىكەم، سەمەرقەنتتىن يېقىندا كەلگەن بىر مېھمان ئايال سىزگە گۈلدەستە ئەۋەتىپتۇ.

— گۈلدەستە؟ قىش پەسلىدىمۇ گۈلدەستە ئەۋەتىپتۇ؟ قېنى ئېلىپ كەلچۇ!

گۈلناز يۈگۈرۈپ خانىدىن چىقتى ـ دە، قوشنا خانىدا قالدۇرغان گۈلدەستىنى ئېلىپ كەلدى. تۈرلۈك رەڭدىكى ئەتىرگۈللەردىن تىزىلغان گۈلدەستىنى گۈلناز خانىگە ئېلىپ كىرگەندە، ئۆيئىچى يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ نازۇك خۇش پۇراق تارالدى.

— مەرھەمەت مەلىكەم!

مەلىكە ئىككى قوللاپ گۈلدەستىنى ئالدى، ئاستا پۇرىدى، كېيىن يۈزىنى گۈللەرگە تەگكۈزۈپ راھەتلەندى.

— بۇنداق رەڭگارەڭ گۈللەرنى قىش پەسلىدە ئۆمرۈمبويى ئىككىنچى مەرتەم كۆرۈشۈم. بىرىنچى

قىتىم — ... مەلىكە بىر دەقىقە خىيالغا چۆمدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھەرىمىنى ئەسلىدى، — ھە، ئۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت بولدى. مانا شۇنچە يىل ئۆتۈپ قولۇمدا شۇنداق گۈلدەستە تۇرۇپتۇ، بۇ تېخى ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەلرەك.

مەلىكە بىردىن جىم بولدى، سەگەكلەشتى، كۆڭلىدە گۈلدەستە زەھەرلەنگەن بولسىچۇ، دېگەن شۈبھە پەيدا بولۇپ، ئوتتەك قىزغىنلىقى سوۋۇدى. ئۇ شىددەت بىلەن گۈلناز تەرەپكە بىر قەدەم تاشلاپ:

— گۈلناز سەنمۇ پۇراپ كۆرچۇ، ماڭا پۇرىقى ئانچە ياقمىدى، — دېدى.

گۈلناز نازلىق تەبەسسۇم بىلەن گۈلدەستىنى ئالدى - دە، يۈز - كۆزلىرىگە تەگكۈزدى، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ پۇرىدى ۋە شۇ ئەسنادا يادىغا كەلگەن بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

دەۋرىڭىزدە ئالىمۇ ئابىد قويۇپ ئىلمۇ ئەمەل،
بولدى فىكرۇ زىكر ئالارگە دائىما سەۋتۇ غەزەل.
قاشۇ كۆزۈڭ فىتنەسى ئەلنىڭ بارىن زار ئۆلتۈرۇر،
بىر بەھانە بىش ئەمەسدۇر ئادەم ئوغلىگە ئەجەل.

— مەلىكەم، ئەنسىرىمەڭ، ئاۋۋال كېنىزەكلەر، كېيىن ئۆزۈم پۇراپ كۆرگەنمەن، — نازلىنىپ كۈلدى گۈلناز، — ھەزرىتى لۇتفىي ئېيتقىنىدەك، ھەر باشقا بىر ئۆلۈم.

— بارىكاللا! بارغىن، لوڭقا ئېلىپ كەل، گۈلدەستىنى سېلىپ قويىمىز، دېگىنە، ئۇ خانىم كىم ئۆزى؟

— سەمەرقەنتلىك دۆلەتمەن مېھمان ئىكەن. تونۇگۈن مۇلازىمىدىن شۇ گۈلدەستىنى ئەۋەتىپ: «ئەگەر مەلىكە قوبۇل قىلسا، مىرئەلىشىر ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن تەزىيە بىلدۈرمەكچى ئىدىم» دېگەنىكەن، گۈلدەستىنى ئېلىپ قالدىم، ئەمما جاۋابىنى بەرمىدىم، مەلىكەم نېمە دەيدىكىن.

— گۈلدەستىنى نېمە ئۈچۈن تونۇگۈن ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

— مەلىكەم، تونۇگۈن سىز ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئالىي ھەزرەت ھۇزۇرىغا كىرىپ كەتكىنىڭىزچە ئۇل دەرگاھدىن چىقمىدىڭىز، شۇڭا...

— ھە، توغرا ئېيتىپسەن، تەزىيە تۈگىدى. ئەتە ۋە ئۆگۈن يىراق يۇرتلاردىن تەزىيەگە كەلگەن ئەلچىلەر، ئەمىرلەر، ئالىملار، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ئۇزىتىلىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى ناشتىغا تەكلىپ قىل.

— خوپ مەلىكەم، — گۈلناز تەزىم قىلىپ خانىدىن چىقتى...

فىتنە مەلىكە ھۇزۇرىدىكى ناشتىغا بىرىش ئۈچۈن ھېچقانداق بېزەك تاقىماي، ئاددىي، لېكىن قىممەت باھا كىيىملەرنى كىيدى. ئەمىر مۇزەففەرنىڭ خوتۇنى ئۇنى كوزىچىنىڭ ئۆيىدىن سارايغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. گۈلناز مەلىكە سارىيىنىڭ ئالدىدا فىتنەنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇنى مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى. تاملىرىغا گۈللەر سىزىلغان چوڭ، كەڭ خانىدا ئوندەك ئايال شىرە ئەتراپىدا سۆھبەتلەشمەكتە. يۇقىرىدا ئاددىي كىيىنگەن، پەقەت قۇلاقلىرىغا كىچىككىنە زۇمرەت كۆزلۈك زىرە تاقىغان خەدىچە بېگىم ئولتۇراتتى. گۈلناز بىلەن مېھمان كىرگەندە ھەممە ئايال ئەدەپ بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەلىكە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان موماي، ئۇلۇغۋار بىر خانىم جايىدىن

قىمىرلىماي ئولتۇرىۋەردى. فىتنە كېنىزەك ئۆگەتكەندەك بوسۇغىدا تۇرۇپ ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ سالام بەردى، كېيىن گۈلنازغا بىر قاردى ـ دە، مەلىكىگە كۆز قىرىنى تاشلىدى.

مەلىكە فىتنەنى قول ئۇچىدا ئۇلۇغۋار ئىما بىلەن ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى، گۈلناز مېھماننى كۆرسىتىلگەن جايغىچە ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ كەلدى، مەلىكىگە يەنە تەزىم قىلىشقا ئىشارە قىلدى. فىتنە بۇ ئىشارىسىزمۇ چىرايلىق، سالاپەتلىك خەدىچە بېگىمگە كۆزى قايتا چۈشۈشى بىلەن يەنە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ قالغانىدى، مەلىكە يېقىملىق كۈلۈپ، فىتنەگە قولىنى ئۇزاتتى، فىتنە ئېگىلىپ مەلىكىنىڭ قولىنى سۆيدى، لېۋىدىن تەبەسسۇم جىلۋىسى تارقالمىغان مەلىكە فىتنەگە:

— قىزىم، ئۇيالماڭ، ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك بىمالال ئولتۇرۇڭ، ئىسمىڭىز؟ — دېدى.

فىتنە بىردەم گاڭگىراپ قالدى، لېكىن دەرھال ئېسىگە كېلىۋالدى.

— تەشەككۇر مەلىكەم، مەن بۇنچە ئىلتىپاتقا لايىق ئەمەسمەن، — فىتنە كۆپ قاتارى ئورنىغا ئولتۇرۇپ مەلىكىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى، كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى، — مەلىكەم، مېنىڭ ئىسمىم نازۇك ئايىم، ئاتام نازاكەتنى قەدىرلەيدىكەن، ئارزۇ قىلىپ شۇنداق ئىسىم قويغانىكەن.

— ئاتىڭىزنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقاندەك قىلىدۇ، قىزىم.

فىتنە بىلەن مەلىكە ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئايال — ۋەزىر ئەفزەلىددىننىڭ ئايالى سەمەربانۇ ۋە ئەھمەد تەۋەككۇل بارلاسىنىڭ قىزى ئولتۇراتتى. فىتنە مەلىكىگە ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن باشقا ساراي ئەھلى ئاياللىرى بىلەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بىر ـ بىردىن ھال سوراشتى ـ دە، ئەپچىل ئولتۇرۇپ قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۆيئىچى چوڭقۇر سۈكۈناتقا چۆمدى. بۇ ياش، گۈزەل ئايالنىڭ قۇرئاننى مۇلايىم، شېئىرىي ئاھاڭدا تىلاۋەت قىلىشى، خۇسۇسەن خەدىچە بېگىمنى مەپتۇن قىلدى. ئاياللارنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىشقا باشلىدى. مەلىكە روملىنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئۇ ھازىر ھۆڭرەپ يىغلاشتىن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇپ تۇراتتى. نازۇك ئايىم ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پاك روھى ھەققىگە دۇئا قىلدى. ئۇ ئاللاتائالادىن ئۇل ھەزرەتكە جەننەتنىڭ ئالىي يېرىدىن نېسىپ قىلىشنى كۆزىدە ياش دۇردانىلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى. ئاياللار نازۇك ئايىمغا قوشۇلۇپ دۇئا قىلدى. ئۇلار ھازىر گويا باشقا بىر ئالەمدە ئىدى.

— مەلىكەم، مەن سىزگە نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ فانىيدىن باقىيغە ئۆتۈشى، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر، بەلكى پۈتۈن مەشرىقتىكى مۇخلىسلىرىنى كۆزى ياش ھالدا قالدۇرغىنى بىلەن تەزىيە بىلدۈرىمەن، ئاللا ئۇنىڭ مەقبەرىسىگە نۇر چاچسۇن، ئۇ پاك زاتقا ئاللانىڭ رەھمىتى بولسۇن، بۇ يوقىتىش ھىرات ئۈچۈن، پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ۋە سىز بېگىم ئۈچۈن ئېغىر جۇدالىقتۇر، ئەمما ئۇلۇغلار ئۆز خەيرلىك ئىشلىرى، رىسالىلىرى بىلەن ئۇلارنى سۆيگۈچى قەلبلەردە ھاياتىنى مەڭگۈ داۋام ئەتتۇرىدۇ.

— تەشەككۇر خانىم، سىز بىزنى كۆپ تەسىرلەندۈردىڭىز، شۇنىڭ بىللە بىزگە تەسەللى بەردىڭىز، دېمەك سەمەرقەنتتىن كەلدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— مەلىكەم، سەمەرقەنتنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، شەھەر يېنىدىكى بىر كەنتتە ئىستىقامەت قىلىمەن.

— سىز سەمەرقەنت سارىيىغا، بابۇر مىرزا سارىيىغا يېقىن ئەمەسمۇ؟

— ياق، مەلىكەم. بىز بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن ئەندەلۇسىيەدىن كەلگەنىدۇق. كۆپ رىيازەت چەكتۇق. جەننەتتەك شەھەر سەمەرقەنت يېنىدا تۇرۇپ قالدۇق، رەھمەتلىك ئاتام سارايغا يېقىن

بولۇشنى خالىمىدى.

— ئەندەلۇسىيەدىن؟

— بۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن مەلىكەم. قىسقا ئېيتسام، سۇلتان ئەھمەد مىرزا زامانىدا ئاتام سودىگەرچىلىك بىلەن ئەندەلۇسىيەگە بارغانىكەن. مەن شۇ يەردە تۇغۇلغانىكەنمەن. ئانام شۇ يەردە يەرلىكلىشىپ قالغان پارس سودىگىرىنىڭ قىزى ئىكەن. ئاتام تۈركىي قوۋمدىن ئىدى. ئاتا ـ ئانامنىڭ مازىرى شۇ يىراق يۇرتتا قالدى، — قىتتىنە ئايىغى ئاستىدىكى گىلەمگە مەيۈس تىكىلىپ جاۋاب بەردى، بىر تامچە ياش ئۇنىڭ يۈزىدە ئېرىق ياسىدى.

— نازۇك ئايىم، ھەزرىتى ئەلىشىرنىڭ ئەشىرىدىكى بۇ بېيىتى سىز ئۈچۈن پۈتۈلگەندەك قىلىندۇ، — مەلىكە ئوقۇدى:

نىگارى تۈركۈ تاجىكەم كۆنەد سەد خانە ۋەيرانە،
بەدان مۇژگانى تاجىكانەۋۇ چەشمانى تۈركانە.

— شېئىر بىلەن سىمانىڭ بۇنچىلىك ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى قاراڭ، — مەلىكە ئەتراپتىكى ئاياللارغا مۇراجىئەت قىلدى.

— مەلىكەم، ھەزرىتى نەۋائىي مۇبالىغىلىرىدىن يۈز ھەسسە كۆپرەك مۇبالىغە قىلىندۇ. لېكىن، ئەلىشىربەگ «فەرھاد ۋە شىرىن»دا گويا سىزنىڭ مەجلىسىڭىزنى تەرىپلىگەندۇر:

بولۇپ شىرىن بىساتىنىڭ نەدىمى،
ئالاردىن خۇش مىھنىبانۇ ھەرىمى.

كېلىپ ھەرقايىسى بىر فەزل ئىچرە ماھىر،
مەھارەت شىۋەسى ھەربىردە زاھىر.

بىرى ئەشئار بەھرى ئىچرە غەۋۋاس،
بىرى ئەدۋار دەۋرى ئىچرە رەققاس.

بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت رۇقۇمىگە قەلەمكەش.

بىرىنىڭ شىۋەسى ئىلمى ھەقايىق،
بەلاغەتدە بىرى ئايتىپ دەقايىق.

بىرى تەرىخدە سۆز ئايتىپ فەسانە،
بىرى ھىكمەت فەنى ئىچرە يىگانە.

ھېساب ئىچرە بىرىنىڭ زىھنى بارىپ،
مۇئەممادە بىرىسى ئات چىقارىپ.

بۇ فەنلەردە بۇلار بىر ـ بىردەن ئەھسەن،
يۈز ئۇل فەنلىق ئارا ھەر قايسى يەكفەن.

بۇ پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى سىز شەۋكەتلىك مەلىكىدە مۇجەسسەمدۇر. ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي سىزنى شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى بىلقىس دېگەندۇر، — فىتنەنىڭ سۆزى مەلىكىگە بالدەك خۇشياقتى.

مەجلىس ئەھلىدە جانلىنىش يۈز بەردى. مەسنەۋىينىڭ، بۇ ھەيرەتئامۇز شېئىرىنىڭ ئوقۇلۇشى يىغىلغانلارنى نازاكەت بىلەن ئۇلۇغلاش، مەلىكە ھەققىدىكى تەئرىپ ھەممە ئايالنى ھاياجانلاندۇردى، مەلىكىنىڭ كۆڭلىدە نازۇك ئايىم — فىتنەگە نىسبەتەن ئىللىق بىر تۇيغۇ ئويغاندى. مەلىكە نازۇك ئايىم ئەۋەتكەن گۈلدەستىنى ئەسلىدى ـ دە، ئىچىمۇ خۇشال بولدى.

كېنىزەكلەر داستىخانغا تائام تارتتى. ئاياللار بىر ـ بىرىگە نۆۋەت بەرمەي نازۇك ئايىمغا ئەندەلۇسىيە ئاجايىباتلىرى، ئۇ بارغان باشقا يۇرتلار ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پەرەڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى. فىتنە ئۇلارغا ئەندەلۇسىيەدە پەرەڭلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردە تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولماي، ئاتىسىنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. سۆھبەت سوزۇلۇپ كەتتى، لېكىن ھېچكىم توختايدىغاندەك ئەمەس. ئەگەر مەلىكىنىڭ پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ھۇزۇرىغا كىرىشى زۆرۈر بولمىغىنىدا، مەجلىس ئەھلى تارقالمايدىغاندەك قىلاتتى.

فىتنە ئۆزرە ئېيتىپ، كېتىش ئالدىدا خەدىچە بېگىمگە ئەندەلۇسىيە ئۇستىلىرى ئالتۇندىن ئىشلىگەن، دەستىسىگە ئىككى دانە لەئەل قادالغان قول تۇگمەن سوۋغا قىلدى. سوۋغىنىڭ مەلىكىگە ئىنتايىن ياققىنى ئۇنىڭ چىرايىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەلىكە ھەممە ئاياللارغا شاھانە سوۋغىلارنى بەردى، نازۇك ئايىمغا بولسا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دىۋانىنى سوۋغا قىلدى ۋە كېلەر ھەپتىگە خاس سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى.

فىتنە مەمنۇن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى مەقسىتىگە ئېرىشتى، يەنى مەلىكىدە كۈچلۈك تەسىرات قالدۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى، بۈگۈن ـ ئەتە ئەلچىلەر سەمەرقەنتكە كېتىشى مۇمكىن. كوزىچى مۇھەددىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەلچىلەرنىڭ تەييارلىقى ۋە سەپەرگە چىقىشىنى سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئۆزى نازارەت قىلىۋاتقانمىش...

**8**

فىتنە كۈنلەرنى تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. مانا، ئارىدىن بەش كۈن ئۆتتى، ئۇ خەدىچە بېگىم ھۇزۇرىغا قايتا تەكلىپ قىلىنمىدى. بۇ ئارىدا كوزىچى مۇھەددىن ئەلچىلەرنىڭ سەمەرقەنت تەرەپكە يولغا چىققانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كەلدى. خەدىچە بېگىم بولسا سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىغا گەپ ئارىسىدا سەمەرقەنتلىك ئايال ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. شاھ بىپەرۋالىق بىلەن ئاڭلىدى ـ دە: «ھازىرچە ئۇ خانىمنى مەجلىسىڭىزگە تەكلىپ قىلماي تۇرۇڭ» دېدى. مەلىكە ھەيران بولدى ـ يۇ، ئۈندىمىدى، پادىشاھ ئالىي ھەزرەتنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ئىدى، نېمىلا دېگەندىمۇ ئىناۋەتكە ئالمايدۇ. خەدىچە بېگىم يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ھۇزۇرىدا

بولغىنىدا، ئالىي ھەزرەت ئۇنىڭدىن: «مېھمىنىڭىزنى كۆپ پەزىلەتلىك ئايال دەپ ئاڭلىدىم، نېمە مەقسەتتە كەلگەندۇ؟» دەپ سورىدى. مەلىكە تەمترەپ قالدى. دەرھەقىقەت، نازۇك ئايىم سەمەرقەنتتىن نېمە مەقسەتتە كەلگەنىكەن؟ مېھمانىنىڭ ھېكايىسىگە مەھلىيا بولۇپ باشقىنى سۈرۈشتە قىلماپتۇ. مەلىكىنىڭ سۈكۈتتە ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا: «مەجلىسىڭىزگە كىرگەن ئادەمگە شۇنچە بىپەرۋا قارىدىڭىزمۇ؟ مەيلى خىجالەت بولماڭ، ئۇ ئايال دەرھەقىقەت ئەندەلۇسىيەدە تۇغۇلغان. ھازىر تۇل ئىكەن، مەۋلانا بېھزاد مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ، ھازىر ئۆزى سىزغان مەشقلىرىنى مەۋلاناغا كۆرسەتكىلى كەلگەنىكەن، بۇ ماختاشقا لايىق ئىش،» دېدى مېيىقىدا كۈلۈپ. مەۋلانا ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنچە كۆپ ئۆتۈپ پادىشاھ ئالىي ھەزرەتنىڭ لېۋىدە تەبەسسۇمنى ئەمدى كۆرگەن مەلىكىنىڭ كۆڭلى يورۇغاندەك بولدى. دېمەك، پادىشاھ ئالىي ھەزرەت مېھمان ئارقىسىدىن ئايغاقچى قويغان، تەكشۈرگەن. گۇمان بولۇتى تارقىلىپتۇ، ئەمدى نازۇك ئايىمنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ سۆھبىتى، يىراق يۇرت ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاڭلىسا بولىدۇ.

فىتنە دەرھەقىقەت ئۆزى سىزغان كارامەت رەسىملىرىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇستاز بېھزادقا كۆرسەتكەنىدى. ئۇستاز بۇ ئىستىدات ساھىبىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئالقىشلىدى، مەسلىھەت بەردى. فىتنە بېھزادنىڭ ئالدىغا «پىنھان» بارغانىدى، ھەتتا كوزىچى مۇھەددىن ئائىلىسىمۇ بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىدى. فىتنە ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئايغاقچىلىرىنىڭ ئالدىنىشىغا سەۋەب بولدى.

ۋاھالەنكى، ئالدىنقى مەجلىستىن ئون بىر كۈن ئۆتكەندە، خەدىچە بېگىم نازۇك ئايىم — فىتنەنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىم مەلىكە ھۇزۇرىدا پەقەت كېنىزەك گۈلناز، ئەمىر ئەفزەلىددىننىڭ خوتۇنى سەمەربانۇ ۋە خەدىچە بېگىمنىڭ قىزى ئاقىبېگىملەر بار ئىدى، خالاس. سۆھبەت سۇس باشلاندى، ئالدىنقى سۆھبەتتە بولمىغان ئاقىبېگىملا نازۇك ئايىمدىن ئەندەلۇسىيە ئاجايىباتلىرى ھەققىدە سوراپ، ئۇنىڭ ھالىنى قويمىدى. ئاقىبېگىم بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى سۈرۈشتۈردى، مەلىكە خەدىچە بېگىم ماۋەرائۇننەھر ۋەقەلىرىنى، شەيبانىخان ۋە بابۇر مىرزا ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى سورىدى. نازۇك ئايىم شەيبانىخاننىڭ بۇخارا ئەتراپىدىكى قارار گاھىدا ئىكەنلىكىنى، ياش بابۇر مىرزىنىڭ سەمەرقەنتتە قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەردى.

— شەيبانىخان توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغانمەن، خان توغرىسىدا ئۇ تەرەپلەردە قانداق سۆزلەر بار؟ ئاچچىقى يامان دەپ ئاڭلىغانمىز، توغرىمۇ؟ — گۇمان بىلەن سورىدى خەدىچە بېگىم.

— مەلىكەم، شەيبانىخان توغرىسىدا خەلق ئىچىدە ھەر خىل سۆزلەر تارقالغان. بەزىلەر ئۇچۇن ئۇ زات تەڭرىتائالانىڭ يەر يۈزىدىكى كۆلەڭگىسى، يەنە بەزىلەر ئۇچۇن تالان ـ تاراج قىلغۇچى زالىم ھۆكۈمران، مەن بىچارە خان ھۇزۇرىدا بىر قېتىم بولغانمەن. ئۇ تەقۋادار، بىلىملىك، شېئىرمۇ ئوقۇيدىكەن، سالاپەتلىك، بېشى ئەللىكلەردە. ئەمما، ئۆزى ئۇلۇغۋار كۆرۈندۇ.

— خان ھۇزۇرىدا بولدىڭىزمۇ؟ — سەگەكلەشتى مەلىكە.

— خاجە كاردزەن قەلئەسىنى خان يىگىتلىرى بېسىۋالغاندا مېنى ئېلىپ قاچتى. كۆپەك قۇشچى خان مەرھەمىتىگە ئېرىشمەك نىيىتىدە مېنى خانغا سوۋغا قىلدى. ئوغلۇمنى باغرىمدىن ئېلىۋېلىپ

مېنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، خان رەھىم قىلىپ ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

— ئالىيجاناب بىر ياخشىلىق، — نازۇك ئايىمنىڭ ھۆسنىگە مەھلىيا بولۇپ كۈلدى مەلىكە، — خان ئۇچۇن بۇ ئىش ئاسان بولمىغاندۇ؟

— بىلمىدىم، مەلىكەم. ئەمما، خاننىڭ مەقسىتى باشقا ئىدى، فىتنە چىرايلىق لېۋىنى چىشلىدى - دە، سۈكۈتكە چۈشتى.

مەلىكە تەئەججۇپ بىلەن فىتنىگە تىكىلدى، ئاقبېگىم بىلەن كېنىزەك يېقىنراق سۈرۈلۈشتى.

— خاننىڭ مېنى قويۇپ بېرىشىدىكى مەقسەت، ماڭا بىر مۈشكۈل ئىش تاپشۇرۇش ئىكەن. ئامان قېلىش، نومۇسۇمنى ساقلاش ئۈچۈن رازى بولدۇم، باشقا ئىلاجىم يوق ئىدى.

فىتنە ئاۋۋال مەلىكىگە؛ كېيىن ئاقبېگىم ۋە گۈلنازغا شۈبھىلەنگەندەك بىر نەزەر تاشلىدى.

مەلىكە فىتنەنى بۇلارنىڭ ئالدىدا سۆزلەشتىن قورقۇۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى - دە:

— گۈلناز سەن چىقىپ مۇزەففەر مىرزىنىڭ كېلىشىگە قىلىنىدىغان تەييارلىقنى تەكشۈرۈپ باق، ئۆزۈڭ كۆزىتىپ، شاھزادە كەلگەندە ئېيتارسەن. سەمەربانۇ، ئاقبېگىم، سىلەرمۇ چىقىپ دەم ئېلىڭلار، ئەتە يىراق سەپەرگە چىقىسىلەر، — مەلىكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ يېقىمسىز ئاھاڭدا بۇيرۇدى.

ئاقبېگىم، سەمەربانۇ ۋە گۈلناز مەلىكىگە تەزىم قىلىپ خانىدىن چىقتى.

— قانداق مۈشكۈل ئىش ئىكەن، قىزىم؟ مەخپىي بولمىسا ئېيتىڭ؟ — نازۇك ئايىمدىن سورىدى مەلىكە خالىي قالغاندا.

— ھازىر مەخپىي ئەمەس، مەن پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ۋە سىزنىڭ پاناھىڭىزدىمەن. شەيبانىخان ماڭا بابۇر مىرزا سارىيىغا يېقىن بولۇپ، كېيىن مىرزىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى تاپشۇرغانىدى. سەمەرقەنت تەختىنى ئېلىش ئۈچۈن خان مېنىڭ ھۆسنۈمدىن پايدىلانماقچى بولدى، مەلىكەم!

فىتنە غەمكىن كۆزىنى ئالاق - جالاق قىلىپ، ئۇزۇن كىرپىكىنى تىترەتتى.

— ۋاي، قانخور! بۇ ئۆلۈمگە ئىتتىرىشقۇ!

— مەن رازى بولۇپ خاجە كاردزەنگە كەلگىنىمدىن كېيىن، ئوغلۇمنى يىراق بىر قىشلاقتىكى قېرىندىشىمنىڭ تەربىيەسىگە بېرىپ، ئۆزۈم قاچتىم.

— قەيەرگە؟

— ھىراتقا. مەن شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردىمەن.

— ئېرىڭىزچۇ، قىزىم؟ سىزنى ھىمايە قىلمىدىمۇ؟

— ئېرىم شەيبانىخاننىڭ باھادىرلىرىدىن ئىدى. ئەندىجان ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشتا مىرزا يىگىتلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، — غەمكىن، نادامەتلىك بىر ئاھاڭدا جاۋاب بەردى فىتنە.

— دېمەك، سىز ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدىن ئەرزىيەت چېكىپسىز، شۇنداقمۇ؟

— ھاياتىم زەھەرلەنگەن، مەلىكەم.

مەلىكە نازۇك ئايىمنىڭ قىسمىتىگە ئەستايىدىل ئېچىنىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تەسەللى بەرگەن بولدى. فىتنىنىڭ راست ۋە يالغان ئارىلاش گەپلىرىگە ئىشەندى، سۆھبەتنى يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن تېمىنى ئۆزگەرتتى.

— شەيبانىخان خېلى ئوبدان غەزەل پۈتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— بەزى غەزەللىرىنى ئوقۇغانمەن، يادىمدا بار. ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— قېنى ئوقۇغۇچۇ، قىزىم.

فىتنە غەزەل ئوقۇشقا باشلىدى، مەلىكە دىققەت بىلەن ئاڭلاپ شەيبانىخاننىڭ غەزەللىرىدىن ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئاڭلىماقچى بولدى. ئۇشبۇ بېيىت ئۇنىڭغا ماقۇل كەلدى:

ھەجر ئوتىندە ناتەۋان جىسمىم فىراقىڭ كېچەسى،
شەمئىدەك باشدىن ـ ئاياق فۇرقەتدە ياقىلدى يەنە.

— بۇ بېيىت ماڭا بەكمۇ ياقتى، — مەلىكە بېيىتنى قايتۇرۇپ ئوقۇدى. ئاندىن سۆزىنى داۋام ئەتتى، — قىزىم، خان سەمەرقەنتنى ئالالارمۇ؟

— مەلىكەم، مەن بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. بابۇر مىرزىنى شىجائەتلىك، قەھرىمان، ياش بولۇشىغا قارىماي تەدبىرلىك دېيىشىدۇ. ئاخىر ئۇ ئىككى يۈزدىن ئارتۇقراق يىگىتى بىلەن سەمەرقەنت دورغىسى جانۋەفا مىرزىنى قەلئەدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

— بابۇر مىرزا توغرىسىدا ئىككى يىلدىن بۇيان ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئاڭلىدىم. ئاتىسى ئۇمەر شەيخ مىرزىنى سەمەرقەنت سارىيىدا كۆرگەنىدىم، كۆپ ئېھتىراسلىق ئادەم ئىدى. ساددا ۋە بېپەرۋا، ھالال ئادەم دېيىشىدۇ. بابۇر مىرزا كىمنى تارتقاندۇ؟ ناھايىتى ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈرنى تارتقان بولسا …

— بابۇر مىرزا توغرىسىدا قىزىق گەپلەر ئايلىنىپ يۈرىدۇ، مەلىكەم. ئۇنىڭ نىيىتى، سىز ئېيتقىنىڭىزدەك، تۆمۈر سەلتەنىتىنى تىكلەش بولسا كېرەك.

— يىراققا كۆز تىكىپتۇ ـ دە! شەيبانىخانمۇ تىنچىمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

— شەيبانىخان تەجرىبىلىك، بابۇر مىرزا بولسا شىجائەتلىك.

— شەيبانىخان قېرىپ كېتىۋاتىدۇ، بابۇر مىرزىنىڭ تەجرىبىسى ئاشماقتا، — مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدە ئۇچ ـ تۆت قەدەم يۈردى. «ئەلچىلەر يولغا چىقتى. ھازىر كىم قۇدرەتلىك؟ شەيبانىخان. ھازىر كىم خەۋپلىك؟ شەيبانىخان. كىم كېيىن كۈچىيىشى مۇمكىن؟ بابۇر مىرزا، لېكىن بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت بار، دېمەك پادىشاھ ئالىي ھەزرەتنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك. بابۇر مىرزىغا ھازىر ياردەم قولىنى سوزۇش ئۇنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشىنى تېزلەشتۇرۇش دېمەكتۇر. ئالىي ھەزرەت بابۇر مىرزىغا ياردەم بېرىپ ئۆزىگە قارشى كۈچىنى يېتىلدۈرمەمدۇ؟ بابۇر مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ نەۋرىسى، كۆڭلىدە پادىشاھ ئالىي ھەزرەتكە غۇم ساقلىماسمىكىن؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى مەلىكە.

خەدىچە بېگىم شۇنداق مۇلاھىزىلەر بىلەن قايتا ئورنىغا ئولتۇردى. ئۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ھەرىمىدە، ئالدىدا ئولتۇرغان گۈزەل ئاياللىرىمۇ لاتاپەتلىك چاغلىرىدا ئاددىي بىر غۇنچە بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىنى، ئاقبېگىمدەك قىز پەرزەنت كۆرگەن بولسىمۇ، سارايدا ھېچقانداق مەۋقەگە ئىگە بولماي خورلانغان كۈنلىرىنى ئەسلىدى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا بولسا ئۇنى سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ بېگىم، مەلىكە دەرىجىسىگە كۆتۈردى.

خەدىچە بېگىم چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولدى ـ دە، قايتىپ جايىغا ئولتۇردى. شۇ پەيتتە كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولدى. «بۇ جۇۋان بىرەر فىتنە بىلەن كەلگەنمىدۇ؟ شۇنچە تەپسىلاتنى قەيەردىن بىلىدۇ؟» —

دەپ ئويلىدى مەلىكە ۋە شۇ پەيتتە نازۇك ئايىمنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھاياجان بىلەن بىلىكىدىكى يىلان شەكلىدىكى ئىككى لەئىل كۆزلۈك بىلەزۈكىنى ئايلاندۇرۇۋاتقىنىغا كۆزى چۈشتى - دە، گۇمانى ئاشتى. «بۇ بىلەزۈك پەقەت مەلىكە بىلىكىنى بېزەيدىغان ئېسىل بېزەكقۇ! قانداق خىزمىتى بەدىلىگە قايسى ھۆكۈمران ئۇنى ھەدىيە قىلدىكىن؟ لەئىل قادالغان كۆزلىرى غەلىتە، ئېچىلىدىغاندەك كۆرۈندۇ! ۋەھالەنكى، كېنىزەك گۇلنازنىڭ بارمىقىدىكى ئۈزۈكمۇ شۇ ئايال بىلەن باغلىق بولسا؟ گۇلناز ئالدىغانمىدۇ؟» مەلىكىنىڭ كاللىسىدا شۇنداق گۇمانلىق پىكىر پەيدا بولدى، ئۇ فىتنەگە سوغۇق تىكىلدى. مەلىكىنىڭ بۇ قارىشىدىن فىتنەنىڭ بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى - دە، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

خەدىچە بېگىم قارشىسىدىكى ئايالنىڭ بىر پەس ساراسىمىگە چۈشكىنىنى سېزىپ، سىنىماقچى بولدى:

— خانىم، سىز شەيبانىخاننىڭ جاسۇسىغۇ؟ — مەلىكە ئەتەي سوكۇت ساقلىدى، فىتنەنىڭ بېشىغا گۇرزە بىلەن ئۇرۇلغاندەك گاڭگىراپ قالدى، — ياكى بابۇر مىرزا ئەۋەتتىمۇ؟

مەلىكىنىڭ كېيىنكى سۆزى فىتنەنى ھوشىغا كەلتۈردى. «دېمەك، مەلىكە شۇبھىلەندى، بىراق ئېنىق بىلمەيدۇ. نېمە دېسەم بولاركىن؟ سوكۇتنىڭ ئۆزى ھازىر ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. مەككار!» فىتنە بىردەم ئويلىنىپ قالدى ۋە پۇرسەت كەلگەنلىكىنى پەملەپ «ئىقرار» بولۇشنى قارار قىلدى.

— مەلىكەم، بۇ يەرگە مېنى بابۇر مىرزا ئەۋەتكەن، — يەرگە تىكىلدى فىتنە.

— بابۇر مىرزا؟! — مەلىكىنى چاقماق ئۇرغاندەك بولدى.

— مەلىكەم...

— قانداق ئىش تاپشۇردى؟

— ھىراتتا كۈتۈپ تۇرۇشنى، ئەگەر ئەلچىلەر سەمەرقەنتكە ئەۋەتىلسە، ھېچ تەدبىر كۆرمەي قايتىشنى، ئەگەر شەيبانىخان ھۇزۇرىغا يول ئالسا — ... فىتنە بىرئاز سوكۇت ساقلاپ ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر شەيبانىخان ھۇزۇرىغا بېرىشقا پەرمان بېرىلسە، ئەلچىنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى!

— ئەلچىنى ئۆلتۈرۈشنى؟ مەۋلانا كەمالىددىن ھۈسەيىن گازۇرگاھىنى؟ ئەلچىدە نېمە گۇناھ؟ ئۇ پەقەت ئەلچىغۇ!

— مەلىكەم، شەيبانىخان تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىلىشى بابۇر مىرزىغا ياردەم بېرىلمەيدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بولسا خاننىڭ تەرىپىنى ئېلىش بىلەن باراۋەردۇر. ئەلچىنى ئۆلتۈرۈشتىن مەقسەت ۋاقىتنى ئۇتۇشتۇر. بابۇر مىرزىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋاقىت كېرەك. پادىشاھ ئالىي ھەزرەتلىرى ئەلچىلەرنى سەمەرقەنتكە ئەۋەتكەنلىكى ئەينى مۇددىئا بولىدۇ!

— ئەينى مۇددىئا دەڭ؟! — زەھەرخەندە تەبەسسۇم قىلدى مەلىكە.

— بابۇر مىرزىمۇ شۇنداق ئىشلارغا قول ساپتۇ - دە؟ ئەلچىنى كىم ئۆلتۈرۈشى كېرەك ئىدى؟

— مەن، مەلىكەم، — كۈلدى فىتنە، — مەن ئوقيا ئېتىشتا ئىسلام بارلاستىن قېلىشمايمەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق باھادىرنىڭ قىلىچىنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىدىغان قورالىم بار، — فىتنە ئۈزۈن چىچىنىڭ ئۇچىنى بارمىقىغا ئوراپ، ئەتەي نازلىنىپ مەلىكىگە بىر نەزەر تاشلىدى.

خەدىچە بېگىم كۆڭلىدە نازۇك ئايىمنىڭ سۆزىگە ئىشەندى ھەمدە «ھە، بۇ قورالىڭ دەرھەقىقەت

تەڭداشسىز قورال» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. فىتنە قولىدىكى كۆزىگە زەھەر سېلىنغان بىلەزۈكنى ئايلاندۇردى. خەدىچە بېگىم يەنە گۇمان بىلەن بىلەزۈككە تىكىلدى.

— قىزىم، بابۇر مىرزىنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىڭىزنى قانداق ئىسپاتلايسىز؟ بەلكى شەيبانىخاننىڭ ئادىمى بولۇپ تۇرۇپ ئەتەي شۇنداق دېگەنسىز؟

— مەلىكەم، مېنىڭ ئىسپاتىم ئاۋۋال سىز بېگىمگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتىمدۇر، ئاندىن كېيىن، — فىتنە گويا ئىككىلەنگەندەك بولدى، — قولۇمدا مىرزىنىڭ بۇ يەردىكى ئادەملىرىگە يارلىقى باردۇر.

— يارلىق، قېنى؟

— مەن تۇرۇۋاتقان ئۆي كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ئۆيىدۇر. شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىدىم.

— يارلىقنى مىرزىنىڭ ئادەملىرىگە بەرمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، زۆرۈرىيەت بولمىدى.

— ھازىر ئىككى نۆكەر ئەۋەتىمەن، ئېيتىڭا، قەيەردىن ئىزدەيدۇ؟

— مەلىكەم، ئۆزۈم بېرىشىم كېرەك، يارلىقنى ھېچكىم تاپالمايدۇ.

— مەيلى، — مەلىكە بىرئاز ئويلاندى، — كېيىن ئۇلار بىلەن بىللە ھۇزۇرۇمغا كېلىسىز، قورقماڭ.

مەلىكە چاۋاك چالغانىدى، ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان كېنىزەك دەرھال كىردى.

— ئىككى نۆكەر تېزدىن تەييارلىنىپ خانىم بىلەن بىللە بېرىپ بىللە قايتىپ كەلسۇن! — مەلىكە كېنىزەكنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى: — ئېھتىيات قىلىشسۇن، قېچىپ كەتمىسۇن، ئىككى ئەمەس بەش نۆكەر ئەۋەت، ئۈچى مەخپىي كۆزىتىپ بارسۇن، ياخشى تەيىنلە».

فىتنە ۋە كېنىزەك ئۆيدىن چىقتى، مەلىكە مېھماننى كۆزىتىپ قالدى. مەلىكە مۇلاھىزە قىلدى: «پادىشاھ ئالىي ھەزرەتكە ھازىر ئېيتسام بولارمۇ ياكى يارلىقنى ئېلىپ كېلىشكەندىن كېيىن ئېيتايمۇ؟ ئەلچىلەر بەلكى چىلتۇختەرانغا يېتىپ بارغاندۇ.»

## 9

نۆكەرنىڭ كۆزىتىشى بىلەن كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە كەلگەن فىتنە ئۆزىگە ئاجرىتىلغان ئۆيگە كىردى. كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى بولغان ئىشتىن بىخەۋەر، رەڭگى ئۆچۈپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى. فىتنە كىچىك بىر ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى گىلەم ئۈستىگە تۆكتى. گىلەم ئۈستىگە خالتا، نەۋائىي دىۋانى، غىلاپقا سېلىنغان خەنجەر چۈشتى. فىتنە ساندۇق قاپقىقىنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ يەنە باشقا نەرسىلەرنىمۇ گىلەم ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ساندۇقنىڭ تۆت تەرىپىنى ئاجرىتىپ گىلەم ئۈستىگە قويدى. ئۇ قولىنى ساندۇقنىڭ تېگىگە سېلىپ بىر تاختاينى تارتتى ۋە تاختاي ئاستىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى ـ دە، قاراپ تۇرغان نۆكەرگە ئۇزاتتى.

— مانا بابۇر مىرزىنىڭ مۆھرى بېسىلغان يارلىق، مەلىكىگە بېرەرسىز، — دەپ قولىدىكى بىلەزۈكنى ئېلىشقا باشلىدى.

— خانىم، سىزمۇ بىللە بېرىڭ! — نۆكەرلەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

فىتنە مەلىكە ھۇزۇرىدىن چىقىپ، تا كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە كەلگۈچە خەدىچە بېگىمدىن قانداق ئامان قېلىشنى ئويلاپ كەلدى ۋە قېچىپ كېتىشكە ئىلاج يوقلۇقىنى چۈشەندى. شۇنىڭدىن كېيىن تەۋەككۇل قىلىپ زەھەر ئىچىشكە تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئاستا تەسىر قىلىدىغان زەھەرنى ئىچىپ، ئۆزىنى ئۆلگەنگە سالماقچى بولدى.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — فىتنە بىلەزۈكىنىڭ بىر كۆزىنى ئاچتى - دە، زەھەرنى يۇتتى، — ئەمدى مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى ئېلىپ بېرىڭلار. مەلىكە ماڭا ئىشەنمىگەندەك قىلىدۇ. «نازۇك ئايىم مەلىكە ئۈچۈن، پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ئۈچۈن، بابۇر مىرزا ئۈچۈن جان پىدا قىلدى» دەڭلار، — فىتنەنىڭ قولىدىكى بىلەزۈك گىلەم ئۈستىگە چۈشۈپ، يۇمىلاپ بېرىپ نۆۋكەرلەردىن بىرىنىڭ ئۆتۈكىگە تېگىپ توختىدى.

نۆۋكەر ئېگىلىپ بىلەزۈكنى قولىغا ئالدى ۋە شېرىكىگە ئۇزاتتى، ئۇ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

فىتنە ئاخىرقى سۆزىنى تىترەپ تۇرۇپ تەستە ئېيىتتى - دە، گىلەم ئۈستىگە يىقىلدى. نۆۋكەرلەر، كوزىچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئايالنىڭ قوللىرى، ئاياغلىرى تارتىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۆۋكەرلەر ئۆيدىن چىقىپ، پىچىرلىشىپ، مەسلىھەتلەشتى - دە، كوزىچىنىڭ ئۆيى ئالدىدا ئىككى شېرىكىنى قالدۇرۇپ، مەلىكىگە خەۋەر قىلىپ «يارلىق»نى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن مېڭىشتى. ئۇلار قايتا ئۆيگە كىرىپ فىتنەنىڭ رەڭگىنىڭ ئاپپاق ئاقىرىپ، بىھوش ياتقىنىنى كۆرۈپ، توغرا پىكىرگە كېلىشكەنلىكىگە ئىشەندى، يەنە ئارقىغا قايتىش تەرەددۇتىدا بولدى. ئۆيدە كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قالدى. ئايال فىتنەنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تىزىغا قويدى، فىتنەنىڭ يۈرىكىگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلىماقچى بولغانىدى، شۇ چاغدا فىتنە كۆزىنى ئېچىپ شىۋىرلىدى: «سۇ، سۇ بېرىڭ!» مۇھەممەدنىڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ ساپال قاچىدا سۇ ئېلىپ كىردى، ئەر - خوتۇن ئۇنىڭغا سۇ ئىچۈردى. فىتنە كاسىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنى زورلاپ ئىچتى — دە، بارماقلىرىنى ئاغزىغا تىقىپ داسقا قەي قىلدى. ئۇ بىر ئاز ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى ۋە بۇيرۇدى:

— ھازىر بىر ئاز ئۆزۈمگە كەلدىم، لېكىن زەھەرنىڭ تەسىرى يەنە بار. مەن ھوشۇمدىن كېتىپ قېيىنىلىشىم مۇمكىن. ئويۇمچە، سارايدىن كىمدۇر كېلىدۇ. ئەگەر بىھوش بولسام، كەلگەنلەرگە «ئۆلدى» دەپ كۆرسىتىڭ. ئۇلار گۇۋاھ بولسۇن. ئاندىن كېيىن مېنى يوشۇرۇپ قويۇڭلار. نېمىلا بولسۇن بىرەر كىشى ياكى باشقا نەرسىنى كېپەنگە ئوراپ، مازارغا ئېلىپ بېرىپ كۆمۈڭلار. ئەگەر ئەجىلىم يېتىپ ئۆلسەم، يوشۇرۇنچە باشقا بىرەر يەرگە دەپنە قىلىڭلار. ئەجىلىم توشمىسا — ...

فىتنەنىڭ تىلى يەنە كالۋالاشتى.

فىتنە كوزىچى مۇھەممەدنىڭ خوتۇنىغا ئىما قىلىپ گىلەم ئۈستىدە ياتقان خالتىنى ئېلىپ كېلىشنى سورىدى. ئايال خالتىنى ئۇنىڭ قولىغا بەرگەندى، ئالدىراش بىر ئامال بىلەن بوغقۇچىنى يەشتى - دە، خالتىنى ئۆرۈپ سىلكىدى، گىلەم ئۈستىگە ئالتۇن تەڭگىلەر ۋە خوتەن قەغىزىگە ئوراقلىق كىچىككىنە بىر نەرسە چۈشتى. فىتنە ئالتۇنلارغا ئېتىبار قىلماي قەغەزگە ئورالغان نەرسىنى ئۆي ئىگىسى ئايالغا بەردى.

— بۇنى كېچىدە ماڭا ئىچۈرىسىز، ئۇنتۇماڭ، — دەپ ئۈلگۈردى - دە، ھوشىدىن كەتتى. كوزىچى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئايالى فىتنە ئېيتقان ھازىرلىقنى ئىشلەشكە باشلىدى...

## 10

نۆۋكەرلەر بابۇر مىرزىنىڭ «يارلىقى» ۋە فىتنەنىڭ بىلەزۈكىنى خەدىچە بېگىمگە ئېلىپ كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەردى.

فىتنەنىڭ زەھەر ئىچكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكى خەدىچە بېگىمنى كۆپ تەشۋىشكە قويدى. «نازۇك ئايىم ھەقىقەتەن ساداقەتمەن بولغانلىقىدىن زەھەر ئىچتىمۇ ياكى بىرەر سىرنى ئۆزى بىلەن گۆرگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈنمۇ؟» دېگەن سوئال مەلىكە كۆڭلىگە ئارام بەرمىدى. مەلىكە تېزلىك بىلەن ئۆز تېۋىپى ۋە ئىككى كېنىزەكنى كوزىچى ئۆيىگە ئەۋەتتى. نەۋكەرلەرگە كوزىچى ئۆيىنى كېچە ـ كۈندۈز يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي كېنىزەكلەر ۋە تېۋىپ قايتىپ كېلىشتى، تېۋىپنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، نازۇك ئايىم جان ئۈزگەنىدى. مەلىكە بىلەزۈكنى تېۋىپقا كۆرسەتكەنىدى، تېۋىپ ئۇنىڭ يەنە بىر كۆزىدە زەھەر بارلىقىنى ئېيتتى. مەلىكە بىلەزۈكنى ساقلاپ قويۇشنى بۇيرۇدى. نازۇك ئايىمنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەلىكە «يارلىق»نى ئېلىپ پادىشاھ ئالىي ھەزرەت ھۇزۇرىغا باردى. پادىشاھ ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەلىكە سۆھبەتنىڭ تۈگىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۈسەيىن بايقارا سۆيۈملۈك خوتۇنى خەدىچە بېگىمنى قوبۇل قىلدى. مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى پادىشاھنىڭ شېرىن سۆزلىرى تىنچىتتى. پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى خاتىرجەم ئاڭلىدى.

— قىزىق ئىش. ھەزرىتى ئەلىشىربەگ بابۇر مىرزا ھەققىدە كۆپ ياخشى سۆزلەرنى ئېيتقانىدى. ئۇنى ئالىيجاناب، مەرت ۋە ئاقىل يىگىت دەپ تەرىپلىگەنىدى. ھالبۇكى، شۇنداق يىگىت پەسكەش ئىشلارنى، پادىشاھلارغا نامۇناسىپ ئىشلارنى قىلارمۇ؟ ئەمما يارلىقنى قانداق چۈشەنمەك كېرەك؟ راستتەك تۇرىدۇ. يارلىققا بابۇر مىرزىنىڭ مۆھرى بېسىلغانىكەنغۇ؟

— ئالىي ھەزرەت! مەنمۇ شۇنداق پىكىردىمەن. لېكىن بۇ ۋەقەلەر... ئالىي ھەزرەت، دەرۋەقە ئەلىشىربەگ كەچ كۈزدە مۇھەممەد ۋەلىبەگ ۋە دەرۋىش ئەلى كىتابدارلار بىلەن سەمەرقەنتتىن كەلگەن يىگىتنى شەۋقىيە بېغىدا قوبۇل قىلغانىكەن!

— مەلىكە، بۇنىڭدىن خەۋىرىم باردۇر. ئەلىشىربەگ ئاسترابادقا بۇ ھەقتە يازغانىدى. ئۇ يىگىت ئەلىشىربەگكە بابۇر مىرزىنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن.

— پادىشاھىم، بابۇر مىرزا سىزدىن ياردەم سوراپ، يوشۇرۇنچە بەدىئۇززەمان مىرزا ھۇزۇرىغا ئۆز كىشىسىنى ئەۋەتكەنمىدۇ.

— بۇ ئىش بىزدىن يوشۇرۇن ئەمەس، — كۈلدى ئالىي ھەزرەت، — بابۇر مىرزا ئوغلۇم بەدىئۇززەمان مىرزىغا ئۆز كىشىسىنى ئەۋەتكىنى ھەققىدە خەۋەر بەرگەنىدى.

— ئۇ نېمىشقا مۇزەففەر مىرزىدىن ياردەم سورىماپتۇ؟

— بۇ نېمە؟ قىزغىنىشمۇ؟ — ھەيران بولدى ھۈسەيىن بايقارا، — ياكى باشقا پىكرىڭىز بارمۇ؟

— بۇ شاھزادىلەر ئوتتۇرىسىغا زىددىيەت سېلىش ئەمەسمىكىن، دەپ ئويلىدىم.

— ياق، بېگىم، بابۇر مىرزا ئۆزى نېمە ئەھۋالدا؟ بۇنداق ئويلىشىڭىز خاتادۇر. بەدىئۇززەمان مىرزا ماۋەرائۇننەھر چېگراسىغا يېقىنراق، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ياردەم سورالغان.

— ئالىي ھەزرەت، مەن بىرنەرسىنى ئېيتىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئۇ ئايالنىڭ گېپىگە قارىغاندا،

بابۇر مىرزا يىراقنى كۆزلىگەندۇر، ئەمىر تۆمۈربەگ سەلتەنىتىنى تىكلەش ئارزۇسىدا ئىكەن.

— مەلىكە، ياش يىگىت ھەققىدە تۇرلۇك ۋەھىمىلەر توقۇيدۇ. ئەگەر مىرزىنىڭ ئارزۇسى شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۇلۇغ ئىكەن. بۇ ئىش مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى، ئەپسۇس ئەمدى قېرىپ قالدىم، — ھۈسەيىن بايقارا بىرئاز خىيالغا چۆمدى، كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — نېمە ئۈچۈن ئۇ ئايال ئۆز خوجىسى ھەققىدە سىزگە بۇنداق دەيدۇ؟ بۇ ھال مەنتىقىگە زىتقۇ؟!

— ئۇ ئايال خاس سۆھبەتتە ئاڭلىغان گېپىنى ئېيتتى، لېكىن بابۇر مىرزىغا سادىق كۆرۈنىدۇ. بىكاردىن ـ بىكار جېنىنى پىدا قىلمىغاندۇ.

— راست سادىقمىدۇ ياكى باشقا بىر سىر بارمىدۇ؟

— ئالىي ھەزرەت، سەمەرقەنتكە ئەلچى ئەۋەت دەيدۇ، ھازىر بىزگە خەۋپ كەلتۈرمىگەن خانىشنى ئەشەددىي دۈشمەن قىلىۋالمايمىزمۇ؟ بابۇر مىرزىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى تەسىرى شۇ كۈنلەردە خېلى ئاشتى. تەرەپدارلىرى كۆپەيدى، ئۇ ياردەمگە ئۇنچە موھتاج بولمىسا كېرەك؟

— شۇنچە سوئال، ئاستراباددا بىز بىرنەچچە مەنسەپدارلار، ئەمىرلەر بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلغانىدۇق. سوئاللىرىڭىزنىڭ جېنى بار، لېكىن بىز تۆمۈرىيلەر بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم بەرمىسەك، بۈيۈك بوۋىمىزنىڭ پارچىلانغان سەلتەنىتى پاراكەندە بولىدۇ. ئۇ ھالدا دۈشمەن بىزنى ئاسانلا يانپاشقا ئالىدۇ، بېگىم.

— سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىز بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئالىي ھەزرەت، ئەمما دۈشمەن قوينىغا قول سېلىپ، ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلىشمۇ مەملىكەت ئۈچۈن ئەمەسمۇ، شاھىم.

— ئەجەب پۇختا مۇلاھىزە قىلىپسىز، ئەمما ئەلچىلەرنى يولدىن قايتۇرۇش مۈشكۈل.

— شۇنداق، لېكىن سىز ئالىي ھەزرەت ئۈچۈن تەس ئەمەس. بەلكىم يولدىن قايتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوقتۇ؟

— سىز ئويلايسىزكى، كەمالىددىن ھۈسەيىن گازۇرگاھىنى سەمەرقەنت سارىيىغا ئەمەس، شەيبانىخان ھۇزۇرىغا ئەۋەتىش كېرەك ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىنچ ياشاش ھەققىدە سۈلھى تۈزۈش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— بىلمىدىم ئالىي ھەزرەت، بېشىم ئايلىنىپ قالدى، — نازلاندى مەلىكە، — ئەگەر خان سۈلھى تۈزۈشنى خالىمىسا، ئۇ ھالدا بابۇر مىرزىغا ياردەم بېرىلسە تۈزۈك بولار، پۇرسەت بار، سەمەرقەنت قەلئەسى مۇستەھكەم، مىرزا باتۇر، ئاۋام ۋە شەيخۇلئىسلام ئۇ تەرەپتە.

— بېگىم، ئاگاھلاندۇرغىنىڭىز ياخشى بولدى. مەن بۈگۈن يەنە مۇلاھىزە قىلىپ باقارمەن. ھازىر گەپ ماۋەرائۇننەھردە، تۆمۈرىيلەرنىڭ ئۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئۈستىدە بولماقتا. بىر يۈز قىرىق يىل تۆمۈرىيلەر ئىلكىدە بولغان سەمەرقەنت شەيبانىخانغا ئۆتۈپ كەتسە ھىرات خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ، بېگىم.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئورنىدىن تۇردى، مەلىكىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، يېرىم تەزىم بىلەن ھەشەمەتلىك، كەڭ خانىدىن چىقتى. پادىشاھ قەلبىدە قارىمۇقارشى پىكىرلەر جۇش ئۇراتتى، كۆز ئالدىدا دوستى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھارغىن، ئەمما نۇرلۇق سېيماسى تۇراتتى. ھۈسەيىن بايقارا كۆپ مۇلاھىزە قىلىپ، ھازىرچە ئېھتىياتكارلىق يولىنى تۇتۇشنى قارار قىلدى. «ئەگەر بابۇر مىرزا ئېغىر، مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسا، دوستۇم ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ياردەم بېرىشكە ئۈلگۈرىمەن» دەپ ئويلىدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە بىرى شەيبانىخان ھۇزۇرىغا، يەنە بىرى بابۇر مىرزىغا ياردەم بېرىشنى توختىتىپ تۇرۇش ھەققىدىكى ئالىي پەرماننى ئېلىپ بەدئۈززەمان ھۇزۇرىغا، ئىككى چاپارمەن ئىككى تەرەپكە كەتتى.

## 11

بابۇر مىرزا مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرغاندا، ھۇزۇرىغا خاجە كالانبەگ ئالدىراش كىردى ۋە ئۆزرە ئېيتىپ:

— مىرزا ئەپۇ قىلغايسىز، ئاۋارە قىلىپ مۇلاھىزىڭىزدىن قالدۇردۇم، — دېدى.

— نېمە بولدى خاجە كالانبەگ؟ تىنچلىقمۇ؟ — خاتىرجەم سورىدى بابۇر مىرزا.

— بىز كۈتكەن ئەلچىلەر ھىراتتىن شەيبانىخان قارارگاھىغا بېرىپتۇ!

— كالانبەگ! ئادىشىۋاتمىغانسىز، — بابۇر مىرزا كىتابىنى ياپتى، — بىزگە كەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، كامالىددىن ھۈسەيىن گازۇرگاھى سەمەرقەنتكە بېرىشكە ئالىي پەرمان ئالغانىدىغۇ؟

— لېكىن ئەلچىلەر ھازىر شەيبانىخان قارارگاھىدا ئىكەن!

— نېمە ئىش يۈز بەردىكىن؟ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ھەزرىتى ئەلىشىربەگدە ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ زات ۋاقىتسىز ۋاپات بولدى. ۋاھالەنكى ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپلا سىياسەت تەتۈر بولغىلى تۇردىمۇ؟

— ھىراتتىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خەدىچە بېگىم سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇزۇن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەلچىلەرگە بۇخاراغا بېرىشقا ئالىي پەرمان بېرىلگەن. چاپارمەن ئەلچىلەرگە ئامۇدىن كېچىكىپ ئۆتىدىغان يەردە يېتىشىۋالغانمىش...

— يەنە قانداق خەۋەر بار؟

— ھىراتتا بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەندەك كۆرۈنىدۇ. قانداقتۇر بىر چوكان سەمەرقەنتتىن بارغانىكەن. ئۇ مەلىكە خەدىچە بېگىم زىيارىتىدە بوپتۇ، ئۇ يەردىن چىقىپ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

— بۇنىڭ ئەلچىلەر بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

— بىلمىدىم، لېكىن ئەلچىلەر ھازىر بۇخارادا.

— دېمەك، خاجە كالانبەگ، ئۇلاردىن ياردەم سوراشقا بولمايدۇ. بىز ئەمدى ئۆز كۈچىمىزگىلا ئىشىنىپ شەيبانىخان بىلەن جەڭگە ھازىرلىق قىلىشىمىز كېرەك. ھىراتتا ۋاپات ئەتكەن ئايالنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاڭ، بەلكى شۇنىڭدىلا بىرەر نەرسە ئايدىڭلىشار.

— خوپ مىرزا، ئەمما بىز ھازىر شەيبانىخانغا قارشى چىقالمايمىز.

— قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرغاندىن جەڭ قىلغان ئەۋزەل، تەقدىردە يېزىلغىنى بولار. ئەمما، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارادەك مول تەجرىبىلىك پادىشاھ بۇ قېتىم ئاداشقاندەك تۇرىدۇ. شەيبانىخانغا بىز بەرداشلىق بېرەلمىسەك، ئۇ ھامان بىر كۈنى قۇدرەت تېپىپ سۇلتان ھۈسەيىن بايقاراغا قارشى قىلىچ يالىڭاچلايدۇ. سۇلتان بۇنى ھېچ نەزەرگە ئالماپتۇ.

— ئېنىقكى، خان جۈرئەت قىلىدۇ.

— تەقدىردە قانداق يېزىلغىنىنى بىلمىدىم، ئەمما قانداقتۇر گۇمان قەلبىمنى تاتىلايدۇ. خەدىچە بېگىم كۆپ خاتىرجەم. ۋاھالەنكى، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھازىرغىچە شۇ مەككار ئايالنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلارمۇ؟ ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس ... خاجە كالانبەگ، بولىدىغان ئىش بوپتۇ. ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن يېقىن بەگلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەيلى، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇڭ، — بابۇر مىرزا خاجە كالانبەگ بىلەن خەيرلىشىپ قولىغا كىتابىنى ئالدى ۋە مۇھاكىمە بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. قولىدىكى كىتاب ئۇلۇغ بوۋىسى ئەمىر تۆمۈربەگ نىزاملىرىنىڭ مەخسۇس كۆچۈرگۈزگەن نۇسخىسى ئىدى.

12

تاڭ سەھەردە، كېنىزەك گۈلناز مەلىكە خەدىچە بېگىم پەردازلىنىپ كىيىنىۋاتقان خانىغا كىرىپ، مەلىكىنىڭ ئۇدۇلىدا تەرەددۇت قىلىپ تۇرۇپ قالدى. تەجرىبىلىك، نازۇك، دىتلىق گىرىمچىلىك مەلىكىنىڭ چېچىنى تارىغاچ، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرىۋاتقانىدى. مەلىكە گۈلنازنى كۆرۈپ، گىرىمچىككە «توختاپ تۇر» دېگەندەك ئىشارە قىلدى ـ دە، كېنىزەك تەرەپكە ئۆرۈلدى:

ــ رۇخسەتسىز كىرىپ كەلدىڭ، گۈلناز؟ بىرەر شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟

ــ ياق، ياق مەلىكەم، ئۆزۈم شۇنداقلا ــ... گۈلناز گىرىمچىككە كۆز قىرىنى تاشلىدى.

ــ سۆزلەۋەر، ساداقەتبانۇدىن يوشۇرىدىغان سىر يوق، ــ مەلىكە كۈلۈمسىرەپ گىرىمچىككە قارىدى.

ــ مەلىكەم، بىر دەرۋىش يىگىت سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزغا كىرىشكە ئىجازەت سورىماقتا.

ــ كىم ئىكەن ئۇ دەرۋىش؟

ــ ئىسمىنى ئېيتمىدى، لېكىن «مانا بۇنى مەلىكىگە بېرىپ قويۇڭ» دەپ بۇ خالتىنى بەردى، ــ كېنىزەك مەلىكىگە خالتىنى ئۇزاتتى.

مەلىكە خالتىنى ئالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ خانىنىڭ بىر چېتىگە باردى ۋە خالتىنى ئېچىپ كۆردى. خالتىدا بالىلار بارمىقىچىلىك ساپال سۇنۇقى بار ئىدى. مەلىكە ئۆزى بەرگەن «يارلىق» نى كۆرۈپ، شىددەت بىلەن گۈلناز تەرەپكە ئۆرۈلدى:

ــ كىرسۇن، سىلەرنى بىرئازدىن كېيىن ئۆزۈم چاقىرىمەن، ــ مەلىكە كېنىزەك ۋە گىرىمچىككە خانىدىن چىقىشنى بۇيرۇدى.

دەرۋىش يىگىت خانىغا كىرىپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ مەلىكىگە سالام بەردى. مەلىكە دەرۋىشكە ئۇنىڭ خالتىسىنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

ــ بۇ يەرگە كېلىشكىنى مەنئى قىلىنغانلىقىنى بىلمەمسەن ئوغلۇم، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ ــ دېدى.

ــ كوزىچىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئايال زەھەر ئىچىپ ئۆلۈپ دەپنە قىلىنغانىدى، ــ سىرلىق بىر ئاھاڭدا شىۋىرلاپ جاۋاب بەردى دەرۋىش، ــ ئەمما ئۇ ئۆلمىگەنىكەن!

ــ قانداق دەيسەن؟!

ــ بۇ ماڭا قاراڭغۇ، ئايال دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى گۇمانلىنىپ گۆركارنىڭ ئالدىغا باردىم. دەپنە قىلىنغان مېيىت ئەمەس، بەلكى بىر كۆتەك ئىكەن، ــ دېدى.

ــ ئاھ، مەككارا! بىزنى ئالدىغان ئوخشايدۇ ئۇ نازۇك ئايىم! كېيىن قانداق قىلدىڭ ئوغلۇم؟

ــ كېيىن ئاتامنىڭ ئۆيىگە باردىم ...

ــ ئاتامنىڭ؟ ئاتاڭ كىم ئوغلۇم؟

ــ مۇھەممەد كوزىچى. شۇ ئايال تۇرغان ئۆينىڭ ئىگىسى.

ــ يائاللا! كېيىنچۇ، نېمە سىرلاردىن ۋاقىپ بولدۇڭ؟

ــ باشقا ھېچ نەرسىدىن ۋاقىپ بولمىدىم، مەلىكەم. ئۇلار قاياققىدۇر غايىب بوپتۇ. كېيىن يەنە مازارغا بارسام گۆركارنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ، تۇنۇگۇن دەپنە قىپتۇ.

ــ ئاھ، مەككارا!

ــ مەلىكەم، ئۇ ئايالنى مەن تاپىمەن، ئەمما بىر ئىلتىماسىم بار!

— ئېيت ئوغلۇم.

— ئاتا - ئانامنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىڭىز، ئۇلاردا ئەيىب يوق. كىمگە باشپاناھ بولغىنىنى بىلمەيدۇ.

— مۇنداق دېگىن، مەيلى، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىمەن. پەقەت تاكى تىرىكلا بولسام، خۇراسانغا قەدەم باسمىسۇن، بۇ سېنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭنىڭ بەدىلى بولسۇن.

— تەشەككۇر مەلىكەم! سىز ئۇچۇن جېنىم پىدا بولسۇن!

— ئوغلۇم، ئاڭلا، سەن نازۇك ئايىمنى چوقۇم ئىزدەپ تاپقىن - دە، كىمنىڭ مەخپىيەتلىكى ئىكەنلىكى ھەققىدە ماڭا خەۋەر بەرگىن. جازاسىنى ئۆزۈم بېرىمەن. بۇ خالتىدا خىراجىتىڭغا يېتەرلىك تىللا بار، — مەلىكە يىگىتكە خالتىنى ئۇزاتتى، — خەير، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم.

مەلىكە كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ئوغلىنى ئۇزاتتى - دە، گىرىمچىك ساداقەتبانۇنى چاقىردى. گىرىمچىك كىرىپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى، مەلىكە خىيالغا چۆمدى. ئۇ نازۇك ئايىمنىڭ نېمە ئۈچۈن زەھەر ئىچىپ باشقىلارغا ئۆزىنى ئۆلگەن قىلىپ كۆرسەتكىنىنى، قانداق قىلىپ مەلىكە قورغان تۇزاقتىن قېچىپ چىقىپ كەتكىنىنى ئويلايتتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى: «ئەگەر شەيبانىخان بىلەن ئۇرۇشماسلىق كېلىشىمى تۈزۈلسە، شۇنىڭ ئۆزى مەقسەتكە مۇۋاپىق ئىش بولغۇسى. ئەنە شۇنىڭدا نازۇك ئايىمنىڭ فىتنەسى ئەپ كېلىپ پادىشاھ ئالىي ھەزرەتكە پايدا كەلتۈرگۇسىدۇر» مەلىكە شۇنداق دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى، لېكىن كۆڭلى نېمىگىدۇر غەش ئىدى.

* * *

بۇ ئىشتىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتۈپ مەۋلانا كەمالىددىن ھۇسەيىن گازۇرگاھى باشلىق ئەلچىلەر شەيبانىخان ھوزۇرىدىن قايتىپ ھىراتقا كېلىۋاتقىنىدا، شەھەرنىڭ شۇ دەرۋازىسىدىن جالدۇر - جۇلدۇر كىيىم كىيگەن ئىككى دەرۋىش يىگىت چىقىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ دەرۋىشلەرنىڭ بىرى نازۇك ئايىم — فىتنە، ئىككىنچىسى بولسا كوزىچى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار شەيبانىخان ھۇزۇرىغا تەشنا ئىدى ....

1501 - يىلى 10 - ئايدا بابۇر مىرزا سەرپۇلدا شەيبانىخان بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ سەمەرقەنت قەلئەسىگە بېكىنىدى ۋە بەش ئايچە قامالدا بولغاندىن كېيىن شەيبانىخان بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، شەھەرنى ۋە كېيىنرەك ماۋەرائۇننەھرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا 1506 - يىلى شەيبانىخانغا قارشى يۈرۈش قىلغاندا ۋاپات بولدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ شەيبانىخان ھىراتنى ئالدى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ ھەرىمى بىلەن مەلىكە خەدىچە بېگىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشتى.

خەدىچە بېگىم شەيبانىخاننىڭ باغى نەۋدىكى ۋاقىتىنچە قارارگاھىدا نازۇك ئايىم — فىتنەنى ۋە ئۆزىنىڭ «ئىشەنچلىك جاسۇسى» دەرۋىش يىگىتنى ئۇچراتتى...

(1993 - يىلى تاشكەنت نەۋرۇز نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھىرات ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.)

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

جۇمە ئالىم

# «مەجالىسۇن - نەفائىس»تا ئىپادىلەنگەن نەۋائىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «مەجالىسۇن - نەفائىس» بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى. ھازىر خېلى كۆپ ماتېرىياللاردا نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرىنى ئەدەبىي تەزكىرىچىلىككە ئائىت ئەسەر دەپ تەھلىل قىلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، بىز ئەسەرگە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئەسەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدكە دائىر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنداقتا ئەدەبىي تەنقىد دېگەن نېمە؟ ئەدەبىي تەنقىد، ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرى (ئەدەبىي ئەسەر، يازغۇچى، كىتابخان، ئىجادىيەت، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى ۋە ئەدەبىياتقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە)گە قارىتا ئەدەبىي زوق ئاساسىدا، ئېستېتىك ۋە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل يۈرگۈزىدىغان ئىلمىي پائالىيەت ①. نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق ئەسىرى قانداقتۇر مەلۇم تارىخىي شەخس ياكى چوڭ تارىخىي ئىش - ۋەقەنى خاتىرىلەش، ئەسلەش بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى ئەينى دەۋردىكى شائىر - ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئەدەبىي تەنقىد (باھا) ئېلىپ بارغان. نەۋائىي ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ھۆسەيىن بايقارا توغرىسىدا توختالغاندا، ئۇنىڭ سۈپەت ۋە مىجەزلىرى ئۈستىدە بىر قۇر توختالغاندىن كېيىن «خوش، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆزلەر ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ئەمدى ئەسلىي مەقسەت ۋە مۇددىئاغا كېلەيلى» دەپ ئاندىن رەسمىي ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق نەۋائىينىڭ ئەسلىي مەقسىتى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

«قەيەردە سەنئەتكە مۇھەببەت بولمىسا، شۇ يەردە تەنقىد بولمايدۇ» ② دەيدۇ ئۇلۇغ شائىر پۇشكىن. ئەدەبىيات بولسا سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ كاتېگورىيە ئىچىدىكى بىر تۈر. شۇڭا، بۇ خىل سەنئەت مەۋجۇتلۇقى جايدا ئۇنىڭغا مېھىر - مۇھەببىتى بار خەلق ئىچىدە ئەدەبىي تەنقىدمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ف. ئېنگېلس: «پەندە يۇقىرى چوققىغا چىقىشنى خالىغان مىللەت نەزەرىيەۋى تەپەككۇردىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ، ئوخشاشلا سەنئەتتە يۇقىرى گۈللىنىشكە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان مىللەتمۇ سەنئەت نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە سەنئەت ئەمەلىيىتى سەنئەت تەنقىدىدىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولالمايدۇ» دەيدۇ ③. ئەدەبىي تەنقىد توغرا، ئىلمىي ئېلىپ بېرىلسا، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پىشاڭلىق رولىنى ئوينايدۇ، نەۋائىي دەل ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى توغرا تونۇغان، قەلبىدە ئەدەبىياتقا نىسبەتەن چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ئورناتقان ئۇلۇغ شائىر. ئۇ ئەينى دەۋر شارائىتىدا شۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى، قىسقىسى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، نەۋائىي «مەجالىسۇن - نەفائىس» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆز زامانداشلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە قىسقىچە باھا بەرگەن.

تۆۋەندە مەزكۇر ئەسەردىكى ئەدەبىي تەنقىد ئۇسۇللىرىنى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش ئارقىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچىمىز.

نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرى ھىجرىيە 896 ـ يىلى (مىلادىيە 1490 ــ 1491) يېزىلىپ ھىجرىيە 903 ـ يىلى (مىلادىيە 1497 ــ 1498) قايتا تۈزىتىلگەن. جەمئىي 8 مەجلىسكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى ئۆزىگە زامانداش بولغان 458 نەپەر شائىر ـ ئەدىبلەر ئۈستىدە توختالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى تۆۋەندىكى يەتتە نۇقتا (ئۆلچەم) بويىچە باھالاپ چىققان.

① يازغۇچى خاراكتېرىنى ئۆلچەم قىلغان باھا (تەنقىد)

نەۋائىينىڭ قارىشىچە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچىنىڭ قانچىلىك قابىلىيىتى بولسا، قايسى خىل ئىدىيە، قانداق پەزىلەت ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىسە، ئەسىرىدىمۇ شۇنچىلىك قابىلىيەت، شۇ خىل ئىدىيە ۋە شۇ خىل روھ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

نەۋائىي ئەسىرىدە مەۋلانا لەتىفنىڭ:

«گەھ ئاقار، گەھ تامار لەبىڭ شەككەرى،
بىزگە تەگمەسمۇ ھىچ ئاقار ـ تامارى». (79 ـ بەت)

(يەشمىسى: لېۋىڭ شېكىرى گاھ ئاقىدۇ، گاھ تامىدۇ. ئاققان تامغىنىدىن بىزگە ھېچ نەرسە تەگمەسمۇ؟ 346 ـ بەت)

دېگەن بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «بۇ بېيىت گەرچە ساددا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يۇقىرىقى پىكرىنى دەلىللەيدۇ.

نۇر سەئىد بەگنى تونۇشتۇرغاندا: «تەبئىتىدە قانچىلىك قابىلىيەت ۋە گۈزەللىك بارلىقىنى شېئىرلىرىدىن بىلسە بولىدۇ» دەيدۇ (347 ـ بەت). مەۋلانە يەھيا سىبەكنى تونۇشتۇرغاندا: «ھەر كىشى ئۇنىڭ نازۇك تەبئىتىنى بىلمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ‹شەبىستانى خەيال› ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇسۇن» دەيدۇ (278 ـ بەت). بۇنىڭدىن بىز نەۋائىينىڭ يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ ئەسىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ دېگەن قارىشىنى بىلەلەيمىز.

مەۋلانە ساھىب بەلەخىي ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇنىڭ تەبئىتىدە ھەددىدىن زىيادە تەمەخورلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنچە قابىلىيەت ۋە ئارتۇقچىلىقى بار تۇرۇپمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىززىتى كەمرەك ئىدى» (284 ـ بەت) دەپ يازىدۇ ۋە «مەگەسى مۇردە بۇ ۋەد قەلىيەئى رۇيى ئاشەم، شۇ بۇشى زىندە بۇ ۋەد كونجۇدى رۇيى نانەم» 19 ـ بەت (يەشمىسى: ئۆلۈك پاشا ئېشىم ئۈستىدىكى توغرامچى گۆش، تىرىك پىت نېنىم ئۈستىدىكى كۈنجۈت ئىدى» (284 ـ بەت) دېگەن مىسراسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، شائىرلارنىڭ تەبئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭمۇ ئەسىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ناچار ئىللەتنىڭ كىشىنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭلاشقا، شائىر ئەسەردە كۆپ قىسىم شائىرلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ئۈستىدە تەپسىلىيرەك توختىلىدۇ. ياخشى پەزىلەتلىك شائىرلارنىڭ پەزىلىتىنى ماختايدۇ، ناچار ئىللەتلىك شائىرلارنىڭ ئىنسانىي تەبئىتىنى تەنقىد قىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدتە گەرچە ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ بېرىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى مەركىزىي ھالقا يەنىلا ئەدەبىي ئەسەر. نەۋائىي بۇ تەرەپكىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلغان. مەسىلەن، ئۇ مەۋلانا ھۇمايى ئۈستىدە توختالغاندا: «كۆرۈنۈشتە يوقسۇل، نامرات ۋە كەم سۆزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما خۇدا ساقلىسۇنكى، ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭغا بىر ئاياق شاراب بەرسىلا،

ئۇنىڭ جېدەل ـ ماجىرا، غوۋغا، توپىلاڭ قىلىشتا پىر ئۇستاز ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ. ئەمما، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ بۇ مەتلەئى ياخشى چىقىپتۇ» (486 ـ بەت) دەپ:

«جانا، مەنەم بەدەستى فىراقى تۇ مۇردەئى،
خۇن دەر تەنەم نەمانده چۇ نارى فۇسۇرى» (218 ـ بەت)

(يەشمىسى: ھەي جانان، مەن سېنىڭ پىراقىڭدا گوياكى ئېزىپ تاشلانغان بىر ئانارغا ئوخشاش، تېنىمدە قان قالمىغان مۇردىمەن)(487 ـ بەت) دېگەن مىسراسىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەلى كامالىنى: « گېپى ناھايىتى سەت ۋە تەنتەك كىشى بولسىمۇ، ئەمما ياخشى ئىجادىيەتلىرى بار» (422 ـ بەت) دەپ يېزىپ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى يەڭگىل تەنقىد قىلسىمۇ، ياخشى چىققان بېيىتلىرىنى، ئەسەرلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئېنىقكى شائىر، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەدىبلەرنىڭ، شائىرلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ مۇھىم ئورۇنىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، ئەدەبىي تەنقىدتە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ھالقا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

② تالانت ۋە بىلىمنى ئۆلچەم قىلغان باھا (تەنقىد)

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يازغۇچى، شائىرلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلاردىكى تالانت، ئەسەر سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى. نەۋائىي خوجا ئىسمەتۇللانى: «زېھنى ناھايىتى ئۆتكۈر بولغانلىقتىن، ئۆزىنى شېئىرىيەت بېغىغا بېغىشلىدى» (277 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. خوجا خىسرەۋنى: «زېھنى ئۆتكۈرلۈكتىن شۇنچە كۆپ مەشغۇلىيەت ۋە ئەرز دادلار بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، يەنە نەزمە، نەسرىي، تارىخ، مۇئەمما پەنلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولاتتى» (475 ـ بەت) دەپ يازىدۇ.

مەۋلانە سەفائى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇنىڭ زېھنى ۋە تالانتىدىن ئاجايىپ گۈزەل شېئىرلار چىقاتتى، بۇ بېيىت شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دەپ:

«مىنەمايەد گاھى جەۋلان نەئلى شەبرەڭگەت بە چەشىم،
چۈن مەھى نەۋكەز نەزەر سازەند مەردۇم غايىبەش». (74 ـ بەت)

(يەشمىسى: چەۋەندازلىق پەيتىدە قارا رەڭلىك ئارغىمىقىڭنىڭ تاقىسى كىشىگە گويا ئادەملەر كۆز تىكىپ تۇرغىنىدا غايىب بولغان يېڭى ئاينى ئەسلىتىدۇ) (340 ـ بەت) دېگەن بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ ۋە نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە قىسقا تەھلىل بىلەن كۇپايىلەنسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمىنىڭ تالانتلىق ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

③ بەدىئىيلىك ۋە ئىدىيەۋىلىكنى ئۆلچەم قىلغان باھا (تەنقىد)

نەۋائىي «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا يەنە شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، مەزمۇنىنىڭ لوگىكىلىق باغلىنىشى ئۈستىدە ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بارغان. بولۇپمۇ ھۇسەيىن بايقارا ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى لوگىكىلىق باغلىنىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ژانىرى، قاپىيە قاتارلىق بەدىئىي شەكىللەر ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن توختالغان، ھۇسەيىن بايقارانىڭ لۇتفىينىڭ:

«ئەي، قەدىڭ تۇبىئى جەننەت خەددى گۇلگۇن ئۈستىنە،
كۆرمەدى مەۋران سېنىڭدەك ئاي گەردۇن ئۈستىنە». (239 ـ بەت)

(يەشمىسى: ھەي، سېنىڭ بويۇڭ جەننەتنىڭ تۇبى دەرىخىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە گۈل يۈزۈڭ ئورۇن

ئالغاندۇر، دەۋران پەلەك ئۈستىدە سېنىڭدەك ئاينى كۆرۈپ باقمىغان) (509) دېگەن مەشھۇر مەتلەئىگە جاۋابەن يازغان:

«زۇلفۇڭ تارى تۇشۇپدۇر لەئلى مەيگۇن ئۇستىنە».
ئۇيلەكىم جان رىشتىسى بىر قەترەئى خۇن ئۇستىنە». (239 ـ بەت)

(يەشمىسى: گويا جان رىشتىسى بىر تامچە قان ئۈستىگە چۈشكەندەك، ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ قىلى قىپقىزىل ياقۇتتەك لەۋلىرى ئۈستىگە چۈشۈپتۇ) (519) دېگەن بۇ مەتلەئىنى سېلىشتۇرۇپ: «كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر ئالدىدا بۇ ئىككى مەتلەئى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئايان، چۈنكى مەۋلانە يۈزنى جەننەتتىكى تۇبى دەرىخىنىڭ ئۈستىدە قىياس قىپتۇ، لېكىن بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى مىسرا مەزمۇن جەھەتتىن باغلاشمايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن يېزىلغان كېيىنكى ئىككى مىسرا ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، يەنە ھەر ئىككى مىسرا بىر ـ بىرىگە لايىقلاشقان ھالدا چىقىپتۇ» دەپ يېزىپ، شېئىردىكى لوگىكىلىق باغلىنىش ئارقىلىق مەزمۇننىڭ ياخشى ئىپادىلەنگەنلىكىنى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، تىل قاتارلىقلارنىڭ ناھايىتى مۇۋاپىق ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەدىئىيلىك بىلەن ئىدىيەۋىلىكنىڭ، يەنى شەكىلنىڭ مەزمۇننى ئىپادىلەشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھۇسەيىن بايقارا ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيەۋىيلىك ۋە بەدىئىيلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ.
مىرزا بەگنىڭ:

«كۆزۈڭ نې بەلا قارا بولۇپتۇر،
كىم جانغە قارا بەلا بولۇپتۇر» (85 ـ بەت)

(يەشمىسى: كۆزۈڭ نېمە بالادىنكىن قارا بولۇپتۇ، خۇددى جانغا قارا بالا بولۇپتۇ). (352 ـ بەت) دېگەن بېيىتىنىڭ قاپىيەنىڭ ياخشى چىققانلىقىنى، ھەم قاپىيەلىرىنىڭ سۆز ئويۇنى قىلىپ تۈزۈلگەچكە، بۇنىڭغا جاۋاب يېزىشنىڭ ئۆزگىمۇ تەسلىكىنى يېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىيلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئابابەكرى مىرزىنىڭ:

ئەر كېرەك ئۆرتەنسە ياسنە بالىنە،
يارا يەپ ياتسە ئاتنىڭ يالىنە.
ئىت ئۇلۇمى بىرلە ئول نامەرد ئۆلەر،
ئەر ئاتانىپ دۇشمەنغە يالىنە.

(يەشمىسى: ئوغۇل بالا يېلىنجاپ تۇرغان ئوتتا ئۆرتەنگەن تەقدىردىمۇ، يارىلىنىپ ئاتنىڭ يالىدا يېتىپ قالغان ھالەتتىمۇ، ئەگەر ئەر ئاتالغان تۇرۇپ دۈشمەنگە يېلىنسا، ئۇنداق نامەرت ئىت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلىدۇ) دېگەن تۇيۇقنىڭ گەرچە سۆزلىرى ئاددىي بولسىمۇ تەجنىس (شەكىلداش سۆز)نىڭ ياخشى چىققانلىقىنى، مەۋلانە سەئىدىننىڭ شېئىرلىرىدا مەسەل ئۇسلۇبىنىڭ بارلىقىنى، مىر خانىدنىڭ ھەيرانلىق دۇنياسىنى كۆپ تەرىپلەيدىغانلىقىنى (428 ـ بەت)، مەۋلانە ئەھلىنىڭ كۆپ خىل شېئىري شەكىلدە ماھىرلىقىنى (393 ـ بەت)، ھەزرىتى ئەمىر قاسىم ئەنۋارنىڭ مەسنەۋىلىرىنىڭ جالالىدىن رۇمى مەسنەۋىلىرىنىڭ ۋەزنىدە، يەنى «رەمەلى مۇسەددەس» ۋەزنىدە يېزىلغانلىقىنى (269 ـ بەت)

يازىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نەۋائىي بەدىئىيلىكنى ئۆلچەم قىلىپ، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە، شېئىرىي ئۇسلۇب، ئەدەبىي ژانىر، تىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار توغرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل يۈرگۈزگەن ھەم بۇ تەھلىل جەريانى ئەسەردىكى ئەدەبىي تەنقىدتە ئەڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن.

نەۋائىي ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدىب ـ شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، ئىجادىيەت يولى، تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلىرىگىمۇ دىققەت قىلىدۇ. مەسىلەن، مەۋلانە نەرگىسى ئۇستىدە توختالغاندا: «ئۇ قەيەردە ئازغىنا سۆز ـ ئىبارە ياكى نازۇك مەنىسىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قاپتۇ. ئەگەر تەگرى خالىسا، تەخەللۇسىنى ئۆزگەرتكىنىدەك بۇ ئادىتىنىمۇ ئۆزگەرتەر» (372 ـ بەت) دەپ يېزىپ، شائىرلاردا خاسلىقنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم كۆچۈرمىچىلىك قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

④ تىل ئىشلىتىشنى ئۆلچەم قىلغان باھا

ئىجادىيەت تىلسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ئىلىم ئەھلىگە ئايانكى، نەۋائىي تۈرك تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ تەشەببۇسچىسى. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە تىلنى شېئىرىيەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل دەپ قارايدۇ. شۇڭا، كۆپ قىسىم شائىرلارنىڭ قايسى تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مەسىلەن، مەۋلانە لۇتفىينىڭ تۈركچە دىۋانىنىڭ مەشھۇرلىقىنى، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشنىڭ مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى (342 ـ بەت) ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز زامانىنىڭ تىل ئۇستىسى دەپ تەرىپلەيدۇ. مەۋلانە ئەمىرنىڭ تۈركچە ئەسەرلەرنى ياخشى يازغان بولسىمۇ، لېكىن شۆھرەت قازىنالمىغانلىقىدىن (278 ـ بەت) ئەپسۇسلىنىدۇ.

⑤ ئىلمىيلىك ۋە چىنلىقنى ئۆلچەم قىلغان باھا

نورمال ھەم جايىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئەكسىچە، زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش ياكى يوققا چىقىرىۋېتىش بولسا توسقۇنلۇق رولىنى ئوينايدۇ. بىزمۇ بۇ خىل تەنقىدنى ئىلمىي بولغان تەنقىد دەپ قارىمايمىز.

نەۋائىي مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز ئىجادىيىتىنى تونۇشتۇرغاندا: «مەۋلانە كۆپ پەنلەردە ئالىم بولغان، قولى گۈل، تەجرىبىلىك ئادەم. ئۇ چېقىلىپ باقمىغان پەن ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك، خۇسۇسەن نۇتۇق، خەتتاتلىق، ئاسترونومىيە پەنلىرى ئۇنىڭ ھەققى بولۇپ، ھەر قايسىسىدا مەشھۇر، كۆزگە كۆرۈنگەن شېئىرلىرى بار. يازغان ئەسەرلىرىدىن بىرى «جاۋاھىرۇت ـ تەفسىر» بولۇپ، بەقەرە سۈرىسىنىلا بىر توم قىلىپ يېزىپتۇ. ئىنساپ بىلەن كېسىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى يۈز توم بولىدۇ» (426 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. بىز گەرچە مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، لېكىن نەۋائىينىڭ «ئىنساپ بىلەن كېسىپ ئېيتقاندا» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى كۆپتۈرۈۋەتمىگەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئەمىر شەيخ سۇھەيلى ئىجادىيىتىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۇنىڭ ئاۋۋالدىن ئاخىرغىچە پېقىر بىلەن ئىلتىپاتى، بىرلىك ۋە دوستلۇقى بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق تەرىپلەنسە، ئۆزۈمنى تەرىپلىگەندەك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قىسقارتىلدى» (360 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋائىي ئەدەبىي تەنقىدتە باشتىن ـ ئاخىر ئىلمىيلىكنى ئاساس قىلىپ، مەيلى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ياكى تۇغقىنى بولسۇن ۋە ياكى ئۆزى تونۇمايدىغان ئەدىب ـ شائىرلار بولسۇن ئىلمىي ۋە چىنلىق ئاساسىدا باھا بەرگەن.

مەلۇم تارىخىي باسقۇچتىكى ئەدەبىياتقا شۇ دەۋردىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ

تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدمۇ شۇنداق. ئەدەبىي تەنقىدتە تەنقىدچىنىڭ تەربىيەلىنىشى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ئەدەبىي تەنقىد جەريانىدا ھەرگىزمۇ ئەينى دەۋر سىياسىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولۇپ قالماسلىقى، ئەمەلىي پاكىت ئاساسىدا، ئىلمىي ۋە چىن ھالدا ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

نەۋائىي ئەينى دەۋردە خاتا جازا بېرىلگەن كىشىلەر ۋە باشقىلار تەرىپىدىن قارا چاپلانغانلارنى دادىللىق بىلەن تىلغا ئالىدۇ. خان نەسەبىدىن بولسىمۇ ناچار خاراكتېرى ۋە ئىجادىيىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، مەۋلانە ئەنسىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن: «باشقىلارنىڭ شېئىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ» (322 ـ بەت) دەپ تۆھمەتلەنگەنلىكىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سەئىد ئەبۇ ئىسھاق ئاسترابادى ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «قابىلىيەتلىك يىگىت ئىدى، مۇئامىلىسى ياخشى ئىدى. كۆڭلىگە ياققۇدەك ئەخلاقى بار ئىدى. خوجەند ۋىلايىتىنىڭ قازىسى بىر ئېشەك پارا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ۋەزىر ئۇنى قازىلىققا تەيىنلىگەنلىكىگە قارىتا ئېيتىلغان بۇ قىتئەسى مەشھۇر» (337 ـ بەت) دەپ:

«ھەمى گەشت دەر شەھر شەخسى زى خۇچان،
كى قازى شەۋەد، سەدر رازى نەمشۇد.
بىدانەش فەرى رىشۋەۋۇ گەشت قازى،
ئەگەر خەر نەمىبۇد، قازى نەمشۇد. (70 ـ بەت)

(يەشمىسى: خوجەندىن كەلگەن بىر كىشى قازى بولۇش مەقسىتىدە شەھەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى، بىراق قازى بولۇشقا ۋەزىر رازى ئەمەس ئىدى. ئاخىرى بىر ئېشەكنى ۋەزىرگە پارا بېرىپ قازى بولدى. ئېشەك بولمىسا قازى بولماس ئىدى» (337 ـ بەت) دېگەن قىتئەسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، گەرچە ئەينى دەۋردىكى ۋەزىر ۋە قازىنىڭ پارىخورلۇقىنى ئېچىپ بېرىدىغان، ھەتتا قازىنى ئېشەككە ئوخشىتىدىغان شېئىرنى يازغان بولسىمۇ، نەۋائىي ئۇنى قورقماستىن تىلغا ئالىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، قابىلىيىتىنى ماختايدۇ. ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، نەۋائىي ئەينى دەۋر سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ چىققان جەڭگىۋار روھقا ئىگە ئەدەبىي تەنقىدچى بولۇپ، ئەدەبىي تەنقىدنى ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن، ئىلمىي ۋە چىنلىق ئاساسىدا ئېلىپ بارغان.

⑥ خەلقنىڭ ئېستېتىك زوقىنى ئۆلچەم قىلغان باھا

ئەدەبىي ئەسەر كىتابخان بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ھامان مەلۇم ئىنكاستىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ خىل ئىنكاس ئەسەرنىڭ تەسىرى، ئۈنۈمى ۋە رولىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەزەلدىن راۋاجلانغان بولۇپ، يازما ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىنمۇ يېزىق ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلەر خەلق تەرىپىدىن يادلىنىپ، ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆچكەن ۋە ئەسەرنى ئەينى دەۋردىن ھالقىتىپ، ھازىرغىچە ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىنكاسىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

نەۋائىي ھەزرىتى ئەمىر قاسىم ئەنۋانىڭ نەزمىلىرىگە خەلقنىڭ بەك مايىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى، شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا ۋە كۈچۈرۈۋېلىشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى (269 ـ بەت)، مەۋلانە مۇھەممەد بەدەخشىنى سەمەرقەند شائىرلىرىنىڭ تىلىنىڭ راۋانلىقى ۋە گۈزەللىكى جەھەتتە بارچىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى (288 ـ بەت)، مەۋلانە مۇھەممەد مۇئەممائىنى ھىراتلىقلار «مۇئەممانىڭ پىرى» دەپ ئاتىشىدىغانلىقىنى (315 ـ بەت) مەۋلانە كەمالنىڭ شېئىرلىرى ۋە ھۆسنخەتلىرى خەلق ئارىسىدا شان ـ

شۆھرەتتىن خالىي ئەمەسلىكى (346 ـ بەت) قاتارلىقلارنى يېزىپ، ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت ئېستېتىك زوقنى ئاساس قىلىدىغان بۇ ئىلمىي پائالىيەتنى پەقەت ئۆزىنىڭلا ئېستېتىك زوقىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئېستېتىك زوقى ئاساسىدا ئىلمىيلىككە كۆتۈرگەن.

⑦ سۈپەتنى ئۆلچەم قىلغان ئەدەبىي باھا

بىز بىر دەۋر ئەدەبىياتى ياكى بىرەر يازغۇچى ئىجادىيىتىنى باھالىغاندا، شۇ دەۋردە ياكى يازغۇچى پۈتكۈل ھاياتىدا قانچىلىك ئەسەر يازغانلىقىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى، سۈپىتىنى ئۆلچەم قىلىمىز.

نەۋائىي مىرشاھ ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «گەرچە غەزەللىرى ئاز بولسىمۇ، خالايىقنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى» (295 ـ بەت) دەپ يازىدۇ. سەئىد كەمال كاچكۇلنىڭ بەش يۈز مىڭ بېيىتى، بىر قەسىدىسى بارلىقىنى، بۇنىڭدىن 12 مىڭ يارامىلىق بېيىتنى تاللىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى (316 ـ بەت) يازىدۇ. گەرچە نەۋائىي ئۇنىڭ 12 مىڭ بېيىتىدىن باشقا بېيىتنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، بەش يۈز مىڭ بېيىتتىن 12 مىڭنى يارامىلىق دەپ تاللىۋېلىشىدىن، ئۇنىڭ شېئىرلارنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

قىسقىسى، نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»تا يەتمەكچى بولغان نىشانى ۋە ئېلىپ بارماقچى بولغان تەنقىد ئۇسۇللىرى كۆپ تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك ۋە كۆپ قاتلاملىق بولسىمۇ، لېكىن ئەسەرنىڭ سەھىپە چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، ئەسەردە كۆپ قىسىم شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ۋەكىللىك ۋە تىپىك بولغان مىسرالارنى نەقىل كەلتۈرۈش ۋە ياكى يازغان ئەسىرىنى قەيت قىلىش بىلەن ئىجادىيىتىنى ياخشى ياكى يامان ئەمەس دېگەن سۆزلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئەسەردە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيمۇ قالمىغان. لېكىن، بىز نەۋائىينى «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق بۇ ئەسىرى بىلەن بىر ئىلمىي، جەڭگىۋار روھقا ئىگە ئەدەبىي تەنقىدچى، ئەسىرىنى بولسا ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت مول مەزمۇنلۇق ئەسەر دەپ ئېيتالايمىز.

بۇ ماقالىدە پەقەت دەسلەپكى ئىزدىنىش ئاساسىدىكى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ قىممەتلىك پىكرىگە موھتاجمىز.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئەلىشىر نەۋائىي: «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى.
2. ئابلىمىت ئەھەت: «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى.
3. ئەسئەت سۇلايمان: «ئەلىشىر نەۋائىي»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.
4. كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەنقىدچىلىك مەسىلىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
5. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى. (2 ـ قىسىم).

**ئىزاھلار:**

①، ② ئابلەت ئۆمەر: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (972 ـ بەت)

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى (476 ـ بەت)

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2003 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانت)

ئەمەك ئۇشمەنمەز (تۈركىيە)

# ئۆزبېكىستان قول يازما ئەسەرلەر كۈتۈپخانىسى

ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى: يۈسۈپجان ياسىن

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئۆزبېكىستاندىلا ئەمەس، يەنە دۇنيا كۇلتۇر ۋە مەدەنىيەتىدىمۇ ئالاھىدە بىر ئورۇنى تۇتىدۇ. بۇ ئىنستىتۇتقا قاراشلىق قولىيازما ئەسەرلەر كۈتۈپخانىسى بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى كۆپ تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

دۇنيادىكى مۇھىم قولىيازما ئەسەرلەر كۈتۈپخانىسىنىڭ بىرى بولغان بۇ ئورۇن ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. كۈتۈپخانىدا قىممەتلىك نەچچە مىڭ پارچە قولىيازما بار. تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە ۋە تاجىكچە قولىيازمىلار كۈتۈپخانا كاتالوگىدا تۈرلەرگە ئايرىلغان.

## كىرىش سۆز

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان دۆلەتلەردىن بىرى ئۆزبېكىستاندۇر. تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە ئۇستۇن ئورۇن تۇتقان ئۆزبېكىستان ناھايىتى كۆپ جەھەتتىن باشقا تۈرك دۆلەتلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۆزبېك تىلى بۈگۈنكى تۈركىي تىل شېۋىلىرى ئىچىدە ئىران تىلىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان شېۋە سۈپىتىدە نامايان بولماقتا.

ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان رايونلىرىنىڭ ۋارىسى بولغان ئۆزبېكىستان ئۇزۇن يىللار مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن. ناھايىتى نۇرغۇن ئالىم، ئىلىم ئىگىلىرى ۋە تەسەۋۋۇپچىلارنى يېتىشتۈرگەن بۇ زېمىن دۇنيا تارىخىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت مەركىزى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. بىرۇنى، ئىبىن سىنا، ئەلى قۇشچى، زەمەخشەرى، ئەلىشىر نەۋائىي، مىرزا ئۇلۇغبەگ، بۇخارىي، تېمىرى، بابىر شاھ، شەيبانىخان، ھۇسەيىن بايقارا، مۇھەممەد پارسا قاتارلىق نۇرغۇن مەشھۇر كىشىلەر بۇ زېمىندا يېتىشكەن ۋە يەنە بۇ زېمىندا ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىسىغا جايلاشقان ماۋەرائۇننەھر رايونى مۇھىم ئىلىم مەركەزلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كەلگەن. سەمەرقەند، بۇخارا، شاش (تاشكەنت)، پەرغانە، ئەندىجان، قوقەند، خارەزم قاتارلىق جايلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزبېكىستان مەمۇرىي جەھەتتە 12 رايون (ۋىلايەت) غا ئايرىلغان ①.

## ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قولىيازما ئەسەرلەر كۈتۈپخانىسى

ئىسمىغا ئاتاپ ئۆزبېكىستاندا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خارەزملىك مەشھۇر ئالىملارنىڭ

بىرىدۇر. ئۇ ئوتتۇزدىن كۆپرەك ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 150 تىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە، يۇنانچە، ئىبرانىچە قاتارلىق نۇرغۇن تىللارنى بىلىدىغان ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدى، بەزى پىكىرلىرى ئىلىم دۇنياسىدا پىرىنسىپ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدى. ئۆزبېكىستاندا ئۇنىڭ نامىدا شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتى قۇرۇلدى.

ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتىكى ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسى «ئالىملار شەھىرى» دېيىلىدىغان رايونغا قۇرۇلغان. كۇتۇپخانا ئەلىشىر نەۋائىي تىل ـ ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتى بىلەن بىر يەرگە جايلاشقان. بۇ ئىنىستىتۇتمۇ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە قارايدۇ.

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسى 1943 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمى ئاساسىدا قۇرۇلغان ②. ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسى 1950 ـ يىلىغا قەدەر شەرق قوليازمىلىرىنى ئۆگىنىش ئىنىستىتۇتى دېگەن نام ئاستىدا ئىلىم دۇنياسىغا خىزمەت قىلغان. بۇ كۇتۇپخانا 1950 ـ يىلدىن كېيىن بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار، ساھەلەر ۋە بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلەر نەزەردە تۇتۇلۇپ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتى دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.

دەسلەپكى يىللاردا ئىنىستىتۇتتا پەقەت بىرلا بۆلۈم بولغان. بۇ بۆلۈمدە شەرق قوليازمىلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. كېيىنچە ئىنىستىتۇتنىڭ بۆلۈم سانى كۆپەيگەن. بۇ بۆلۈملەرنىڭ تەركىبىدە تەسنىفلەش (تۈرگە ئايرىش) ئىلمىي ئۆگىنىش ۋە تەسنىفلەش، تەتقىق قىلىش، نەشرگە تەييارلاش ۋە شەرق مىللەتلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئەھۋاللىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق مۇتەخەسسىسلىك ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېگى تارماقلار قۇرۇلغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما ئەسەرلەرنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە رەتلەش ئۈچۈن ھەر خىل مۇتەخەسسىسلىك ساھەلىرى قۇرۇلغان بۇ يۆزلىنىش بويىچە تەتقىقاتلار باشلانغان.

ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەسلىي (ئاساسىي) ئىلمىي پائالىيىتى بۇ ئورۇندىكى قوليازمىلارنى كاتالوگ خاتىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. چۈنكى، كۇتۇپخانا كاتالوگىدا ئورۇن ئالغان قوليازمىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ يەردىكى قوليازمىلار دۇنيادىكى مۇھىم قوليازمىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىنگەنلەر بۇ يەرنىڭ بىر خەزىنە ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇ يەردە ساقلانغان قوليازمىلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگە ئائىتتۇر ③. ئەڭ يېڭىلىرىنىڭ ۋاقتى بولسا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ مەلۇماتلارنى ھېچقاچان ئىلىم دۇنياسى ئۈچۈن بىر باغلىغۇچى قىلىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى، كۇتۇپخانىغا قويۇلغان قوليازمىلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن. بەزى قوليازمىلارنىڭ كۇتۇپخانىنىڭ تىزىملىك ئۈچۈرىدىمۇ خاتا تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئېنىقلاندى، بەزى قوليازمىلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى تىزىملىك ئۈچۈرىدا تەخمىنىي ھالدا كۆرسىتىلگەن.

ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قوليازما ئەسەرلەر ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان. بۇ تىللار ئىچىدە تۈركچە، ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە، ئۆزبېكچە، تاجىكچە، ئوردۇچە،

پەشتۇچە، تاتارچە، تۈركمەنچە، ئەزەربەيجانچە ۋە بەزى يەرلىك خەلق تىللىرىنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. بۇ يەردە «تۈركچە» سۆزى بىلەن ئىپادە قىلىنغان ئاناتولىيە تەۋەسىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تىلى قەدىمكى ئاناتولىيە تۈركچىسى ۋە ئوسمانلى تۈركچىسىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تىللاردا يېزىلغان ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت بولۇپ، مەزمۇنى تارىخ، ئەدەبىيات، تىل، پەلسەپە، جۇغراپىيە، تېبابەت، ئاسترونومىيە، خەلق ھەكىملىكى، مۇزىكا، ماتېماتىكا، مەدەنچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يۈرۈش ئىلىم ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدا ھازىر 25 مىڭ 621 جىلىت قولىيازما ئەسەر ساقلىنىۋاتىدۇ. بەزى رىسالىلەر پەقەت بىرلا جىلد ھالىتىدە توپلانغان. تاش باسمىدىكى ۋە باشقا توپلەنگەن قولىيازمىلارنى قوشقاندا كۇتۇپخانىدا جەمئىي 39 مىڭ 300 جىلد ئەسەر بار. بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئەللىرى، يەنى تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، جۇڭگو ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ۋە باشقا ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

بۇ ئىنىستىتۇتتىكى قولىيازمىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلامىيەت، ئىسلام تارىخى، ئىسلام ئىلىملىرى (فىقھە، كەلام، تەپسىر) ۋە تەسەۋۋۇپ ئىلىملىرىگە ئائىتتۇر. بۇ تېمىدىكى ئەسەرلەردە ئومۇمەن ئەرەبچە، پارسچە ۋە تاجىكچە تىللار قوللىنىلغان. يەنە كونا (قەدىمكى) ئۆزبېك تىلىغا ئائىت ئەڭ مۇھىم مەنبەلەر، بولۇپمۇ 9 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە ئائىت مەنبەلەر بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى «قۇرئان كەرىم»نىڭ 9 - ئەسىردە كۇفى خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسىدۇر. بۇ ئىنىستىتۇتتا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن قولىيازما نۇسخىلىرى بار. بۇلار ئومۇمەن 16 - ۋە 17 - ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن قۇرئان تەپسىرلىرىدۇر.

كۇتۇپخانا كاتالوگىدا مىڭ يىللىق تارىخنى قوينىدا ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن قىممەتلىك ھۆججەتلەر بار. بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى 10 - ئەسىرگە، ئەڭ يېڭىسى 20 - ئەسىرگە ئائىت. بۇخارا، خىۋە ۋە قوقەند خانلىقلىرىغا ئائىت رەسمىي ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىمۇ يەنە بۇ ئورۇندا ساقلانماقتا. بۇ ھۆججەت ۋە مەلۇماتلارنى ئاساس قىلىپ ئىنىستىتۇت قارمىقىدا ھەر خىل پەن ساھەلىرى تەشكىل قىلىنىشقا باشلىغان. يېڭى قۇرۇلغان پەن ساھەلىرىدە ئاشۇ ساھە بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلىم ئىگىلىرى ھەر خىل ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولماقتا.

1952 - يىلى باشلانغان كاتالوگ تۈرغۇزۇش خىزمىتى بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلدى. «ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق قولىيازمىلىرى توپلىمى» ناملىق كاتالوگ 11 جىلد، تارىخ، تېبابەت، شەرقشۇناسلىق ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت «شەرق مىنياتورلىرى» ئىككى جىلد قىلىپ نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا كۇتۇپخانىدىكى قولىيازمىلارنى پەن تارماقلىرى بويىچە كاتالوگقا تۈرغۇزۇش ئىشى باشلانغان. ئەلىشىر نەۋائىي، خوجا ئەھمەد يەسەۋىي، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبنى سىنا، ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي، ئەبدۇررەھمان جامىي قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئەسەرلەرنىڭمۇ كاتالوگى نەشر قىلىنماقتا. بۇنىڭدىن باشقا دۇنيانىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان مۇھىم كىشىلەرنىڭ ھاياتى، ئىلمىي ۋە مەدەنىي مىراسلىرى ھەققىدىمۇ تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئالىملاردىن ئەڭ مەشھۇرلىرى ئۇلۇغبەگ، ئىمام ئەل - بۇخارىي، ماتوردىي، خارزەمىي، فەرغانىي، فارابىي، ئىبنى سىنا قاتارلىقلاردۇر.

بۈگۈنكى كۈندىكى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شەرق مەملىكەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى باشلىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شەرق مەملىكەتلىرىگە ئائىت بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان تىل ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەتقىق قىلغان ياكى مۇناسىۋەتلىك مەملىكەتلەر بىلەن قوش تەرەپلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەن بۇ ئىنستىتۇت شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر مەركىزىگە ئايلاندى. مۇشۇ ئامىللار ۋەجىدىن ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى قوليازما ئەسەرلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى (UNESCO) تەرىپىدىن «دۇنيادىكى ئەڭ باي قوليازما ئەسەرلىرى» دېگەن نام بىلەن مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە ئېلىندى.

ئالىي ئېھسان چاغلار ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدىكى قولىيازمىلاردىن 12 مىڭ 500 نى ئارىگىنال ئەسەر دەپ قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ 75 مىڭ پارچە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. تەبىئىيكى بۇ سان ئەسەرنىڭ تۈرى ۋە خاراكتېرى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە بەرگەن مەلۇماتىمىز تامامەن بىرىنچى قول مەنبەلەردىن ئېلىنغان. ئۆزبېكىستاندا تۇرغان مەزگىلىمدە ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىدىم. بۇ مەزگىلدىمۇ قولىيازمىلار ھەققىدە ھەم ئاكادېمىكلار ھەم كۇتۇپخانا مۇدىرىيىتىدىن ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئېرىشىشكە تىرىشتىم. بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەلۇماتلار ئاشۇلاردىن ئېرىشكەنلىرىمنىڭ تاللانمىسىدۇر.

## كۇتۇپخانىدىكى قولىيازمىلار ھەققىدە

25 مىڭدىن كۆپرەك قولىيازمىنى ئۆز قوينىدا ساقلاۋاتقان ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدا ھەم تۈرك ھەم شەرق دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى نۇرغۇن قولىيازمىلار بار. بىز ئاساسلىقى تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە يېزىلغانلىرىغا دىققىتىمىزنى ئاغدۇرىمىز. بۇنىڭدىن باشقا، كۇتۇپخانىدا ئەرەبچە ۋە پارسچە يېزىلغان نۇرغۇن مۇھىم مەنبەلەر بار. كۇتۇپخانىدىكى قولىيازمىلارنىڭ تىلى ھەققىدە دىققەتنى تارتىدىغان بىر ئالاھىدىلىك باركى، ئۇ بولسىمۇ پارسچىدۇر. ئومۇمەن، ھەر ئون ئەسەرنىڭ تۆت ـ بەش پارچىسى پارسچە يېزىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئورۇندىكى قولىيازما ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەمەرقەند بىلەن بۇخارادا يېزىلغان، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەر ماۋەرائۇننەھر رايونىدا كۆچۈرۈلگەن. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يەر كېيىن ئىرانلاشقان سوغدىلار ياشىغان جۇغراپىيىلىك رايون ئىدى. خارەزم رايونىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تىلى قىسمەن تۈركچە بولۇپ، قالغانلىرى ئومۇمەن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىدى. پەرغانە ۋادىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ كۆپىنچە ئۇيغۇرچە ۋە ئۆزبېكچە ئىشلىتىلگەن. ئەينى شەكىلدە ئاناتولىيەدە ئوسمانلى تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ بۇ كۇتۇپخانىدا خېلىلا كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەۋنى، ئادلى، مۇھىببى، باقى قاتارلىقلارنىڭ دىۋانلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك باشقا دىۋان شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۈچرىتىش مۇمكىن بولغان بۇ كۇتۇپخانىدا قەدىمكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىشەنچلىك مەنبەلەر بار. ئاشىق پاشانىڭ «غەرىبنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ كەمتۈك، ئەمما ئوچۇق كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىمۇ يەنە بۇ ئورۇندا ساقلانغان. باشقا بىر ئەسەرنىڭ ئىچىدە ساقلانغان بۇ

قولىيازما بۈگۈنگە قەدەر ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتۇلمىغان. قولىيازمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالى ھەققىدە بىر ماقالە يېزىلدى. «غەرىبنامە»نىڭ بۇ نۇسخىسى ئېھتىمال ئىستانبولدىن كەلتۈرۈلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئوسمانلىلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى بىلەن مەدەنىي ئالاقىلەر ناھايىتى جانلانغان. شۇ سەۋەبلىك سەمەرقەند، بۇخارا ۋە خىۋەدىن كەلگەن نۇرغۇن ئالىم ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى ئىستانبولدىن قۇرۇق قول قايتمىغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوقەند خانلىقى مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندا، بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان تۇپرىقىدا ئۈچ مۇستەقىل خانلىق ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلار خىۋە، بۇخارا ۋە قوقەند خانلىقلىرى ئىدى. ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشى كۈچلەر پەرقىنى پەيدا قىلغان. بۇ خىل پەرقلەر ۋە ئاجىزلىشىشتەك ۋەزىيەتكە ياندىشىپ ئىچكى رىقابەت پەيدا قىلغان سۈركىلىشلەر نەتىجىسىدە 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىنىڭ ئىستانبولغا بولغان دىققىتى كۈچەيگەن ۋە داۋاملىق تۈردە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەكتۇپ يوللاپ تۇرۇشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدىكى ئوسمانلى تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر بەلكىم بۇ دەۋرلەردە كەلتۈرۈلگەن. ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بۇنداق دېيىش تەس، لېكىن زور كۆپ قىسمى ئۈچۈن يەنىلا مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قولىيازمىلارنى ئەكەلدۈرۈش بىر تەرەپلىمىلىك بولغان ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىدىنمۇ ئىستانبولغا نۇرغۇنلىغان قولىيازمىلار ئېلىپ بېرىلغان. ئەلىشىر نەۋائىي ۋە بابۇر شاھ قاتارلىق مەشھۇر شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئىستانبول كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان.

كۇتۇپخانىدىكى دىققەتنى تارتىدىغان قولىيازمىلارنىڭ بىرى تېببىي ئەسەرلەردۇر. مەن تۈركچە يېزىلغان نەچچە ئون تېببىي كىتابنى بىۋاستە كۆرۈش ۋە تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. «مۇنتەخەبى شىفا»، «ئەبۋابى شىفا» ۋە باشقا تېببىي ئەسەرلەرنى ئاناتولىيە تەۋەسىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بۇ قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدا نەچچە مىڭ يارلىق، قازى خاتىرىلىرى، ۋەخپە ھۆججەتلىرى (ۋەخپە ھۆججەتلىرىنىڭ بەزىلىرى ئىستانبول، ئەدىرنە ۋە بۇرسا نوپۇسىدىكى ئائىلىلەرگە ئائىت)، ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرى بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى يازما ئالاقىغا ئائىت ھۆججەتلەر بار.

تۈركچە قۇرئان تەرجىمىلىرى ۋە تەپسىرلىرى جەھەتتىنمۇ باي ھېسابلانغان بۇ كۇتۇپخانىدا ئوندىن ئارتۇق قۇرئان تەپسىرى بار. بۇ تەپسىرلەردىن بەزىلىرىنىڭ تىزىملىكى مۇنداق:

«تەرجىمەئى تەفسىرى مەۋلانا ياقۇبى چەرخى»، ھىجرىيە 993 ـ يىلى، 191 ۋاراق، ھەر ۋاراق 15 قۇر، تەرجىمە قىلغۇچى ۋە كۆچۈرگۈچى ئېنىق ئەمەس، ئۆزبېكچە.

«مىلادىيە 1845 ـ يىلىدىكى قۇرئان تەرجىمىسى»، 248 ۋاراق، ھەربىر ۋاراق، 21 قۇر، مۇئەللىپى ۋە كۆچۈرگۈچىسى نامەلۇم، ئۆزبېكچە.

«12 ۋاراقلىق كىچىك بىر قۇرئان تەفسىرى» ياكى «تەفسىرى مەۋاكىب»، مۇئەللىپى فەررۇھ ئىسمائىل، ئىستانبولدا يېزىلغان، 366 ۋاراق، ھەربىر ۋاراق 17 قۇر، ھىجرىيە 1246 ـ يىلى،

ئۇسمانلىچە.

«ھەفتىيەك تەفسىرى»، ھىجرىيە 1248 ـ يىلى، 322 ۋاراق، ھەر ۋاراق 11 قۇر، كۆچۈرگۈچى مۇھەممەد بىننى يارمۇھەممەد، تاتارچە.

«تەفسىرى كۇرساۋى»، «ياسىن»دىن «ناس» سۈرىسىگە قەدەر، 162 ۋاراق، ھەر ۋاراق 16 قۇر، مىلادىيە 1823 ـ يىلى، تاتارچە

بۇ قۇرئان تەپسىرلىرى ئىچىدە مەۋلانا ياقۇبى چەرخىگە ئائىت بولغىنى نادىر ئەسەرلەر بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. كۇتۇپخانىنىڭ نادىر ئەسەرلەر بۆلۈمىدىكى قولىيازمىلارنىڭ دۇنيادا يەنە بىر نۇسخىسىنىڭ يوقلۇقى سۆزلىنىدۇ.

مىلادىيە 12 ـ ئەسىرگە ياكى 13 ـ ئەسىرگە ئائىت بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقان قەدىمكى قۇرئان تەرجىمىسىمۇ نادىر ئەسەرلەر بۆلۈمىدە «2008» نومۇرلۇق تىزىملىكتە ساقلانماقتا. تۈركىيەلەرنىڭ ئىسلامىيەتنى رەسمىي دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىدىن كېيىن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەل بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا «2008» دېگەن نومۇر بىلەن تىزىملانغان بۇ قۇرئان تەرجىمىسى كەمتۈك بولۇپ، جەمئىي 273 ۋاراقتىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇرئان تەرجىمىسىدە 2 ـ سۈرە ئاساسەن تولۇق (قىسمەن كەمتۈكلۈك بار)، 3 ـ سۈرە تولۇق، 4 ـ سۈرە تولۇق ئىشلەنگەن، 5 ـ سۈرىدىن 1 — 117 ـ ئايەتلەر، 6 ـ سۈرىدىن 71 — 136 ـ ئايەتلەر بار. تەرجىمە قۇرمۇ قۇر قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ ھەم تۈركچە، ھەم پارسچە تەڭدىشى بېرىلگەن. 1 — 3 ۋە 19 — 22 بەتلەر كېيىن قوشۇلغان. ئۇلاردا پەقەت ئەرەبچە تېكىستى بېرىلگەن.

مەن دوكتورلۇق دېسسېرتاتسىيەسى ياقلىغان بۇ قۇرئان تەرجىمەسىنى ئىلىم دۇنياسىغا تۇنجى بولۇپ تونۇتقان كىشى ئا . ئا . سېمېنوفتور سېمېنوف ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە قاراشلىق ئەل بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ قولىيازما ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگىنى تەييارلىغان. كاتالوگنىڭ 4 ـ جىلدىدا بۇ قۇرئان تەرجىمىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئېكمانمۇ بۇ نۇسخا ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىدا سېمېنوفقا تايانغان.

قۇر ئارىسىغا تۈركچە ۋە پارسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن باشقا بىر قۇرئان تەرجىمىسى ئەنگىلىيە (رىلاندىس) نۇسخىسىدۇر. ئەنگىلىيە نۇسخىسىدا قۇر ئارىسى ماھارەتنى سۈپىتىدە پارسچە سۆزلەر ئۈستىگە، تۈركچە سۆزلەر ئاستىغا يېزىلغان. تاشكەنت نۇسخىسىدا باشقىچە بىر يول تۇتۇلۇپ، ئەرەبچە ۋە پارسچە تەرجىمىسى قىيپاش يېزىلغان. ئەرەبچە سۆزنىڭ ئوڭ تەرەپ باش قىسمىنىڭ ئاستىدا سولغا قاراپ سوزۇپ يېزىلغان شەكىلدە پارسچە تەرجىمىسى بېرىلگەن ۋە بۇ پارسچە تەرجىمىسى ئاخىرلاشقان يەردىن باشلاپ (بەزى پارسچە تەرجىمىسىمۇ ئوتتۇرىدىن كېسىلگەن ھالەتتە) يۇقىرىغا، يەنى ئوڭ ئاستىدىن سول ئۈستى تەرەپكە سوزۇپ يېزىلغان شەكىلدە تۈركچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. تەرجىمىنىڭ بۇ شەكىلگە نەزەر تاشلانسا تۈركچە ۋە پارسچە سۆزلەر قول تۇتۇشۇپ ماڭغان بىر قىياپەتكە ئوخشايدۇ ياكى بىر ـ بىرىگە ئۆلىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

كەمتۈك بولغان بۇ قۇرئان تەرجىمىسىنىڭ ھەربىر بېتىدە بەش قۇر خەت بار. ئەرەبچە ئايەتلىرى

سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا توم يېزىلغان. تۈركچە ۋە پارسچە تەرجىمىلىرى بولسا ئەرەبچە سۆزلەرگە نىسبەتەن خېلىلا ئىنچىكە يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ ئاساسىي بەتلىرى مۇقاۋا ئىشلەنگەن چاغدا ئارىلىشىپ كەتكەن. 1 ــ 3 ۋە 19 ــ 22 بەتلەر كېيىن قوشۇلغان. ئۇلاردا پەقەت ئەرەبچە تېكىستى بېرىلگەن. تەرجىمىنىڭ باش تەرىپىدە «فاتىھە» سۈرىسى كەم. قولىيازما «بەقەرە» سۈرىسى بىلەن باشلانغان. لېكىن، تەرجىمە 4 ـ ۋاراقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ ئالدىدىكى قىسىملار ئىلاۋە قىلىنغان ۋە پەقەت مۇناسىۋەتلىك ئايەتنىڭ تېكىستى بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ قولىيازمىغا كېيىن قوشۇلغانلىقى مەلۇم. قەغەز ۋە يېزىق شەكلى تامامەن پەرقلىنىدۇ. بەزىدە تەرجىمىنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە باشقا يەرلىرىدىمۇ ئوخشاش شەكىلدىكى ئىلاۋىلەر بار. ئىلاۋىلەرنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە توختالمايمىز. باش قىسمىغا قوشۇلغان ئۈچ ۋاراقمۇ بەكلا تىتىلىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، ھەتتا بەزى يەرلىرىدە بۇ ۋاراقلارنى ئوڭشاپ قويۇش ئۈچۈن باشقا خىلدىكى قەغەز پارچىلىرىنىڭ چاپلانغانلىقىنى كۆرىمىز. قولىيازمىنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدىكى ئەسلىي ئەرەبچە تېكىست ئۆچۈپ كەتكەن ۋە بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلەر كېيىن باشقا خەت نۇسخىسى بىلەن قايتىدىن يېزىلغان، لېكىن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ تۈركچە ۋە پارسچە تەرجىمىسى بېرىلمىگەن. بەزى ۋاراقلاردا سىياھنىڭ تاراپ كېتىشى تۈپەيلىدىن (نەملىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن) تېكىستنىڭ تەرجىمە قىسمىنى ئوقۇشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلىدۇ.

ئوچۇق ۋە سىلىق سامان قەغىزنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان تەرجىمە تېكىستىنىڭ قەغىزى بەزى يەرلەردە ئالماشتۇرۇلغان. يەنى بەزىدە ئوچۇق سېرىق، پارقىراق سامان قەغىزنىڭ ئورنىغا نوقۇت رەڭلىك قەغەز ئىشلىتىلگەن. قولىيازمىنىڭ مۇقاۋىسى ئوچۇق قەھۋە رەڭگىدىكى خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن. بۇ خۇرۇمنىڭ ئۈستىمۇ ھەر خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىللەر بىلەن بېزەلگەن. ئەل بىرۇنى نامىدىكى كۇتۇپخانىدا نادىر قولىيازما ئەسەرلەر ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئەسەر مەخسۇس ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك بىر پارچە دۇخاۋا ئىچىدە ساقلانماقتا.

كەڭلىكى 29 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 36 سانتىمېتىر كېلىدىغان بۇ قولىيازمىنىڭ ئۈستىدە ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ بېزەكچىلىك سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇتىفلار بار. ھەربىر ۋاراقنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپى ئوخشىمىغان ئىككى خىل شەكىلدىكى بېزەك بىلەن زىننەتلەنگەن. قولىيازمىنىڭ بېشى ۋە سۈرىلەرنىڭ ئاخىرى ھەل رەڭ بىلەن بېزەلگەن. تېكىست ۋە جەدۋەل ئىچىدە ھەل رەڭ بىلەن ئىشلەنگەن بېزەكلەر ۋە ئۇنۋان ناملىرى بار.

سېمېنوف ئەسەر تىلىنىڭ كونا ئۆزبېكچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. سېمېنوفنىڭ قارىشىچە، بۇ تەرجىمە 13 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ ئىكەن. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پىكىرلىرىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن پارسچە تەرجىمىسىنىڭ تىلىنىڭ كىلاسسىك پارسچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئەينى شەكىلدە تۈركچە تەرجىمىسىدىكى سۆزلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ تەرجىمىنىڭ تىلىنىڭ خاقانىيە ــ قىپچاق تۈركچىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

ئۆزبېكىستان نۇسخىسىدا قۇرلار ئارىسىدىكى تەرجىمىنىڭ تۇنجى ۋارىقى مۇنداق شەكىلدە يېزىلغان.

2 ـ سۈرە (بەقەرە سۈرىسى، 23 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان)

(1) بانۇكلارىڭىزنى تەڭرىدىن غەير ئەگەر ئەردىڭىز ئەرسە راست ئايگانلار (2) تاكى ئەگەر قىلمادىڭىز ئەرسە تاكى ھەرگىز قىلماغايسىز، قورقۇڭ (3) ئوتدىن ئول كىم ئانىڭ تامدۇكى كىشىلەر

تاقى تاشلار (4) ئانۇك قىلىندى كافىرلەرگا تاكى مۇزدە بىرگىل ئانلارگا كىم تاكى مۇتتاكىلەر (5) تاكى قىلدىلار ئەدگۇ ئامەللەرىنى ھەقىقەت ئۇزە ئانلارگا بۇستانلار ...

## خاتىمە

ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى قارىمىقىدىكى بۇ كۇتۇپخانا سۇلايمانىيە ۋە پېتېربۇرگ كۇتۇپخانىسىغا ئوخشاش مۇھىم قولىيازما ۋە يادىكارلىق مەركەزلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئىلىم دۇنياسىغا خىزمەت قىلماقتا.

كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما ئەسەرلەر ئومۇمەن شەرق دۇنياسىغا ئائىت. بۇ قولىيازما ئەسەرلەر ئارىسىدا كونا ئۇيغۇرچە ۋە ئۆزبېكچە يېزىلغان ئەسەرلەر تىل تەتقىقاتى جەھەتتىن ئېتىبارلىق مەنبەلەردۇر، بولۇپمۇ تۈركىي تىل تارىخىنىڭ دەۋرلىرىنى ھۆججەتلەرگە ئاساسەن تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى خاراكتېرلەندۈرۈشتە بۇ يەردىكى قولىيازمىلارنىڭ ئەھمىيىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. پەرغانە ۋادىسى، ماۋەرائۇننەھر رايونى (سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلار)، خۇراسان ۋە تارىم ھاۋزىسى تۈركىي تىلدا يېزىلغان ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ماكانىغا ئايلانغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسى تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان مەركەزلەرنىڭ بىرىدۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلاردا مەيدانغا كەلگەن قولىيازمىلار ئومۇمەن ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىغا توپلانغان ۋە كاتالوگلاشتۇرۇلغان، شۇڭىدەك كونا ئۆزبېكچە ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇراجىئەت قىلىدىغان تۈنجى نۇقتىلىرىدىن بىرى يەنىلا ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىدۇر.

ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ فونتلىرى ئىككىنچى قەۋەتتە ساقلانماقتا. فونتلار ئەرەب يېزىقىدا ئۆزبېكچە تەييارلانغان. لېكىن، دىققەتنى تارتىدىغان بىر نۇقتا بار. بۇ يەردىكى فونتلارنىڭ بەزىلىرىدىكى مەلۇماتلار خاتا ۋە كەمتۈك، تەتقىقاتچىلار بۇ نۇقتىغا ناھايىتى دىققەت قىلىشى كېرەك. بەزىدە ئۆزبېكچە يېزىلغانلىقى سۆزلىنىدىغان قولىيازمىلارنىڭ پارسچە، تاجىكچە ياكى تاتارچە چىقىپ قېلىش ئېھتىماللىقىمۇ بار، ياكى بىر تېبابەت كىتابىنىڭ ئىچىدە «غەرىبنامە» ياكى «دىۋانى ھېكمەت» نۇسخىسىنىمۇ ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئەينى شەكىلدە ۋاراق سانى، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ياكى كۆچۈرگۈچىنىڭ ئىسىملىرىدىمۇ شۇ خىل خاتالىقلار ۋە كەمچىلىكلەر تۇيۇقسىز ئۇچرايدۇ. مۇشۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەربىر قولىيازمىنى بىۋاسىتە كۆرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە زۆرۈر ئىزاھاتلارنى يېزىشنىڭ پايدىسى بار.

ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قولىيازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسى نادىر ئەسەرلەر جەھەتتىمۇ ناھايىتى باي. كۇتۇپخانىدا نەچچە يۈز پارچە نادىر ئەسەر بار. قۇرئاننىڭ بەزى تەرجىمە ۋە تەپسىرلىرى، «مۇقەددىمەتۇل ـ ئەدەب» قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن قولىيازمىلارنىڭ ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان بەزى نۇسخىلىرى بۇ يەردە مەخسۇس بىر ئۆيدە ساقلانماقتا. قاراخانىيلار تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان دەسلەپكى دەۋر ئەسەرلىرىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بىر نۇسخىسىمۇ نادىر ئەسەرلەر قاتارىدا قويۇلغان. رەشىد رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا بۇ نۇسخىدىن بىۋاسىتە سۆز ئاچمىغان. بۇ يەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىر ئەسلىي نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭدىن كۆچۈرۈلگەن كىچىك ھەجىملىك ئۆرنەكلىرىمۇ بار. بۇلار ناھايىتى ئوچۇق ۋە چىرايلىق نەسىھ خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلغان. كۇتۇپخانا تىزىملىكىدە ئەسەرنىڭ تىلى «ئۇيغۇرچە» دەپ

خاراكتېرلەندۇرۇلگەن. ئۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن يېرى قەشقەردۇر. بۇ يەردىكى ئەسلىي چوڭ ھەجىملىك نۇسخا 223 ۋاراقتىن تەشكىل تاپقان، ھەربىر ۋاراقتا 15 قۇر خەت يېزىلغان. قالغان تۆت نۇسخىسىنىڭ ھەر بىرى 50 ۋاراق كېلىدۇ.

ئۆزبېكىستان تۈركىي تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن خېلىلا ھوسۇللۇق بىر مەملىكەتتۇر. بۇ يەردىكى ئەسەرلەرنى ئۇزۇن مەزگىللىك تەتقىقات ئارقىلىق پۈتۈن خاراكتېرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستان ئالىملىرى ئورتاق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى شەرتتۇر.

**ئىزاھلار:**

① مەھمەت ساراي: «ئۆزبېك تۈركلىرى تارىخى»، نەسىل نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى.

② بۇ كۇتۇپخانا ھازىر «ئەلبىشىر نەۋائىي كۇتۇپخانىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. نۇرغۇن كىتابلار قويۇلغان (كۆپ قىسمى رۇسچە) بۇ كۇتۇپخانا ئەلىشىر نەۋائىي تىل ـ ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتى بىلەن ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى قوليازما ئەسەرلەر كۇتۇپخانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان.

③ بۇ يەردە بېرىلگەن مەلۇماتلار كۇتۇپخانا مۇدىرىيىتى تەييارلىغان تونۇشتۇرۇش ۋارىقىدىن ئېلىندى. ئەسەرلەر ھەققىدە ھەر قانداق بىر مەلۇمات بېرىلمىگەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


يۇسۇف تۇلۇم بەرداك، مەھمەت ماھۇر: «ئۆزبېكچە ـ تۈركچە ۋە تۈركچە ـ ئۆزبېكچە لۇغەت»، تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتلىرى فوندى، 1994 ـ يىلى، ئىستانبول.

ئالى ئېھسان چاغلار: « تۈركىيە ـ ئۆزبېكىستان ئالاقىلىرىنىڭ ئىلمىي ۋە كۇلتۇرال دائىرىسى ھەققىدە»، «كۆكساۋە بۇلتەن»، 2008 ـ يىلى 29 ـ فېۋرال، ئەنقەرە.

زافەر ئۆنلەر: «مۇنتەخەبى شىفا»، 1 كىرىش سۆز ــ مەتىن، تۈرك تىلى قۇرۇمى نەشرىياتى، ئەنقەرە.

زافەر ئۆنلەر: «مۇنتەخەبى شىفا»، سۆزلۈك، سىمرۇغ نەشرىياتى، ئىستانبول.

مەھمەت ساراي: «رۇس ئىشغالىيىتى دەۋرىدە ئوسمانلى دۆلىتى بىلەن تۈركىستان خانلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەتلەر» (1775 ــ 1875)، ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

مەھمەت ساراي: «ئۆزبېك تۈركلىرى تارىخى»، نەسىل نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، ئىستانبول.

ئا . ئا . سېمېنوف: «شەرق قولىيازمىلىرى توپلىمى»، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى، Ⅳ، تاشكەنت.

ئەمەك ئۈشەنمەز: «شەرق تۈركچىسى بىلەن قىلىنغان قۇرئان تەرجىمىلىرى ھەققىدە»، «1 ـ قېتىملىق خەلقئارا دۇنيا تىلى تۈركچە سېمپوزيۇمى»، 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ، 21 ـ كۈنلىرى، تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنقەرە.

نەسىمى يازىجى: «دەسلەپكى تۈرك ـ ئىسلام دۆلەتلىرى تارىخى»، تۈرك دۇنياسى فوندى نەشرىياتى، ئەنقەرە.

ئا . ئورىنبايېۋ، ئا . ئاخمېدوف، ب . مانىنوف: «ئەبۇ رەيھان ئەل بىرۇنى نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى»، 2002 ـ يىلى، تاشكەنت.

«شەرق قولىيازمىلىرى خەزىنىسى»، 1998 ـ يىلى، تاشكەنت.


تۈركچە «خەلقئارا سوتسىيال تەتقىقاتلار ژۇرنىلى»نىڭ 2009 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

(ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرغۇچى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا خاتىرىلەنگەن ياركەندىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى

سۇلتان مامۇت ئىبراھىم

ئىككى يىل ئىلگىرى ياركەند شەھىرىنىڭ 1873 ــ 1875 ۋە 1913 ـ، 1932 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا سىزىلغان ئىككى پارچە ئىنگلىزچە خەرىتىسى بىلەن ئەينى دەۋردىكى شەھەر ئىچىدىكى مەھەللە ناملىرى، مازار ئىسىملىرى ۋە يېزا ناملىرى خاتىرىلەنگەن تىزىملىكنى ئۇچراتقانىدىم، يەر ناملىرى خاتىرىلەنگەن تىزىملىك مۇھەممەد ياركەندىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە يېزىق بىلەن يېزىلغان بولۇپ، يېزىلغان ۋاقتى ئەسكەرتىلمىگەن. ئەمما، تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ھازىرمۇ «شاھ مەنسۇر كوچىسى» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەھەللىنىڭ نامىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تىزىملىكنىڭ 1933 ـ يىلىدىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شاھ مەنسۇر 1933 ـ يىلى خوتەندىن كېلىپ، ياركەندتە ئۆز ئالدىغا بىر مەزگىل ھاكىمىيەت تىكلەپ تۇرغان. مۇشۇ جەرياندا «شاھ مەنسۇر كوچىسى» دېگەن مەھەللە نامى پەيدا بولغان.

مەزكۇر تىزىملىكتە خاتىرىلەنگەن شەھەر ئىچىدىكى مەھەللە 108، شەھەر ـ يېزىلاردىكى مازار 23، يېزا 15 بولۇپ، جەمئىي 146 جاينىڭ نامى تونۇشتۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدىكى مەھەللە ناملىرىنىڭ يېزىلىش تەرتىپى ئالدى بىلەن شەھەر (ھازىرقى كونىشەھەر) نىڭ غەرب تەرىپىدىكى «ئالتۇن دەرۋازا» دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر، ئاندىن شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى «خانىقاھ دەرۋازا» دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر، ئاندىن شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى «قاراقات دەرۋازا» دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر، ئاخىرىدا شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى «تېرەكباغ دەرۋازا» دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر بويىچە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر، كېيىنكى ئىككى دەرۋازىنىڭ ئىسمى يېزىلماي، ئۇلارنىڭ دائىرىسىدىكى مەھەللىلەرنىڭ ناملىرىلا يېزىلغان.

شەھەر ئىچىدىكى مەھەللىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئىنقىلاپ كۆرۈش مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، بىر قىسىم مەھەللىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ بۇرۇنقىدەك ساقلىنىپ قالغانلىقى، بەزى مەھەللىلەر ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ باشقا ناملارغا ئالمىشىپ كەتكەنلىكى ياكى تەلەپپۇز جەھەتتە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى، يەنە بىر قىسىم مەھەللىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، شۇنداقلا ھەرقايسى دەرۋازا دائىرىسىدىكى بىرقانچە مەھەللە ئوخشاش نام بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنتۇلغان بولسا، بەزىلىرى ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك قوللىنىلغان. مەسىلەن، «چارسۇ كۆل» دېگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بەزى مازارلارنىڭ ئورنى ۋە نامى يوقالغان بولسا، يېزىلارنىڭ نامى ۋە




سانىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەيلى شەھەر ئىچىدىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە قوللىنىلغان مەھەللە ناملىرى، ياكى مازار ۋە يېزا ناملىرى بولسۇن، ئۇلار ئومۇمەن ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بىر خىل مىراس تەرىقىسىدىكى يېزىقسىز تارىخىي خاتىرە سۈپىتىدە شۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشلىرىنى، شەھەر ئىچىدىكى ئاساسلىق كۆللەرنى، مەھەللىلەردىكى ھەر خىل دەرەخلەرنى، شەھەر - يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، خەلقىمىزنىڭ شۇ چاغلاردىكى دۇنيا قاراشلىرى ۋە كىشىلىك قاراشلىرىنى، خوجا - ئىشانلارنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئورنىنى، خەلقنىڭ تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈش ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكىللىرىنى، شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر - كەسىپلىرى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇسۇللىرىنى، بازارلارنىڭ تۈرلىرى ھەمدە جايلارنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش دائىرىسى قاتارلىقلارنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۇلارنى ئەلۋەتتە مۇئەييەن تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە بىر خىل تارىخىي ماتېرىيال دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## شەھەر ئىچىدىكى مەھەللە نامىلىرى

### ئالتۇن دەرۋازا دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر

1. بەگ مەھەللىسى: ھازىرقى «مانجۇ كۆل» مەھەللىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى.

2. راۋاق مەھەللە: ھازىرقى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىدىكى مەھەللە بولۇپ، «ھەيدەر باغ يولى»نىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

3. ئۆتۈك بازار مەھەللە: سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يوقالغان مەھەللە. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا قاغىلىقتا بارىدىغان يول مۇشۇ مەھەللە ئىچىدىن ئۆتكەن.

4. قارا دەرۋازا مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

5. سوپىكار مەھەللىسى: ھازىرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، «ھەيدەر باغ يولى»نىڭ شىمالى دوقمۇشىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

6. ئالتۇن تېرەكلىك: ئۇنتۇلغان.

7. يېڭىبازار مەھەللە: بۇرۇنقى پارتىيە مەكتەپ ئەتراپى.

8. چوڭ گۆرباغ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

9. ئابدال مەھەللە: بۇرۇنقى يار كوچا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ.

10. ئالتۇن گۆزەر مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

11. ئالتۇن باغ: ئۇنتۇلغان.

12. كىچىك راۋاق: ئۇنتۇلغان.

13. چوڭ خەندەك: ھازىرقى ناھىيەلىك ئۇيغۇر شىپاخانىنىڭ ئورنى.

14. راۋاق باغ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

15. لەڭگەر كوچا مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

16. غىياس بەگ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

17. كىچىك گۆرباغ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

18. ئۇشۇر باقى كۆل مەھەللىسى: ھازىرقى ناھىيەلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان مەھەللە.

19. ئەزىمبەگ ئاخۇن مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

20. چىدىرباغ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

21. ھەيدەرباغ مەھەللىسى: ھازىرقى «ھەيدەرباغ يولى»نىڭ جەنۇب تەرەپ دوقمۇشى، يەنى «باغ مەھەللىسى»نىڭ غەربى.

22. ئارا ئوردا: ئۇنتۇلغان.

23. گۆرباغ: ھازىرمۇ مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، يەكەن بازارلىق شىپاخانىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ.

**خانقا دەرۋازا دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر**

1. تۆمۈر خوجا كۆل مەھەللە: ھازىرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، بۇرۇنقى رەستە ساقچىخانىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ.

2. باسمىچى مەھەللە: ھازىرقى «مەدەنىيەت باغچىسى»نىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدىغان مەھەللە بولۇپ، بۇنىڭدىكى «باسمىچى» سەرگەز رەختكە گۈل باسقۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

3. چوڭ بازار كوچا: ئۇنتۇلغان.

4. داڭدار مەھەللە: ھازىرمۇ مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ «سۈبھى» ئولتۇراق بىناسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كوچىنى كۆرسىتىدۇ.

5. ئىچكىرى داڭدار مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

6. ئىچكىرى باسمىچى مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

7. چارسۇ كۆل مەھەللىسى: ھازىرقى «مەدەنىيەت باغچىسى»نىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان مەھەللە بولۇپ، ھازىرمۇ مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

8. قۇچقار ئاتا مەھەللىسى: ھازىرقى «سۈبھى» سودا مەركىزىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

9. چوڭ ھەلەمدان مەھەللىسى: «مەدەنىيەت باغچىسى»نىڭ غەرب تەرىپىدىكى «سۈبھى» سودا شىركىتىنىڭ بىنالىرى جايلاشقان مەھەللە. «ھەلەمدان»نىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «ئەلەمدان» بولۇپ، ئىلگىرى بۇ جايدىكى كۆلمۇ «ئەلەمدان كۆلى» دەپ ئاتالغان ھەمدە خەلق ئىچىدە «ئەلەمدان كۆل بېشى مەكتەپ خانادۇر» دېگەندەك قوشاق پارچىلىرى ساقلانغان.

10. ئىچكىرىكى ئەلەمدان مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

11. ناسىر خوجا كۆل مەھەللىسى: غەدگەرلىكنىڭ جەنۇبىدىكى نۇر تۈۋگە بارىدىغان كوچىنىڭ غەربىدىكى مەسچىتنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللە بولۇپ، بۇ جاي كېيىن «سۈت - قايماق بازىرى» دەپمۇ

## ياركەند شەھىرىنىڭ خەرىتىسى



ئاتالغان. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، كىشىلەر ناسىر خوجىنى «نەس خوجا» دېگەن تەنقىدىي نام بىلەنمۇ ئاتىغان.

12. غادىرگەرلىك: هازىر «غەدىرگەرلىك» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان بۇ جاي كونا شەھەردىكى ئەڭ ئاۋات بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، «مەدەنىيەت باغچىسى»نىڭ شەرق، جەنۇب، غەرب تەرەپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «غادىرگەرلىك»نىڭ مەنىسى «غادىرلىق» (مازارلىق)قا قارىغۇچىلار مەھەللىسى دېگەنلىك بولىدۇ.

13. كىچىك يار كوچا: بۇ نام ئۇنتۇلغان. ئەمما، هازىر خانىقا دەرۋازا دائىرىسىدە ئەمەس، بەلكى «تىرەكباغ دەرۋازىسى» دائىرىسىدە غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ئۇزۇن بىر كوچا «يار كوچا» دەپ ئاتىلىدۇ.

14. دىۋى چوكان مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان. پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «دىۋى چوكان»نىڭ مەنىسى «جەلپ قىلغۇچى چوكان» دېگەنلىك بولىدىكەن.

15. نۇر تۈۋى مەھەللىسى: «دۆڭ كوچا»نىڭ غەرب تەرەپ دوقمۇشىدىكى مەھەللە بولۇپ، هازىرمۇ «نۇر تۈۋى» دەپ ئاتىلىدۇ.

16. زىبا كوچا: هازىر «قوشۇمچە ئەترەت» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەھەللىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان كوچا.

17. دۆڭ كوچا: «نۇر تۈۋى» مەھەللىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «ئوردا كۆل» مەھەللىسىگە بارىدىغان كوچا.

18. چەككە مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

19. ئەمرۇللا خوجام مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

20. سەرۋىناز مەھەللە: «جاللات خېنىم» مازىرىغا كىرىدىغان كوچىنىڭ غەرب تەرەپ دوقمۇشىدىكى مەھەللە.

21. ياغاق مەھەللە: «جاللات خېنىم» مازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى مەھەللە بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇشۇ جايغا چېپىلغان كۆلنىڭ نامى بىلەن «ياغاقكۆل مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

22. ئەرەبخان مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

23. ۋەخپە باغ مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

24. جۇۋىچى مەھەللە: جامە مەسچىتىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «نۇر تۈۋى» مەھەللىسىگە بارىدىغان كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى مەھەللە بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ جايغا چېپىلغان كۆلنىڭ نامى بىلەن «جۇۋىچىكۆل مەھەللە» دەپ ئاتالغان.

25. كىچىك ئوردا مەھەللە: جامە مەسچىتىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كوچا.

26. خانىقا دەرۋازا مەھەللىسى: كىشىلەر هازىرمۇ مۇشۇنداق ئاتاۋاتقان مەھەللە بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئالغا دادۇي» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

**مەسخىرە دەرۋازىسى دائىرىسىدىكى مەھەللىلەر**

1. چارسا كۆل مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

2. هاجى خالدار مەھەللە: هازىر «ھىجى خالتا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كەينى تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

3. توغراقتۇۋى چوڭ كۆل: «نۇر تۇۋى» مەھەللىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى مەھەللە بولۇپ، هازىر «توغراق تۇۋى» دەپ ئاتىلىدۇ.

4. قەلەندەرخانا: يار كوچا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى مەھەللە بولۇپ، هازىر ئۇنتۇلغان.

5. توغراقتۇۋى كىچىك كۆل: «غوجا مىڭدۆڭ» ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان مەھەللە.

6. سىرلىق مەسچىت مەھەللە: ئۇنتۇلغان مەھەللە بولۇپ، «قاراقات» دەرۋازىسىنىڭ يېنىنى كۆرسىتىدۇ.

7. قەبزە گۇزەر مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

8. قازى كۆل مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

9. توغراقكۆل: ئۇنتۇلغان.

10. تاشقى بۆز بازار مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

11. مىخچىگەرلىك مەھەللىسى: هازىرقى 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى «سارايكۆل»گە بارىدىغان ئەگرى كوچا.

12. شاخار كوچا: هازىر «شاخالى كوچا» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، كونا شەھەر رەستىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

13. قىزلىق مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

14. كۆكساراي مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

15. ناۋاتمان كۆل مەھەللە: ئۇنتۇلغان مەھەللە بولۇپ، «نەمەتمان»نىڭ مەنىسى «كىگىزچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

16. ئۇستا سەپەر مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

17. دارىلقەزا مەھەللە: كىشىلەر هازىر «دۆرىقازا» دەپ تەلەپپۇز قىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كەينى تەرىپىدىكى «هاجى خالدار» مەھەللىسىگە چېگرىلىنىدۇ.

18. ساراي كۆلبېشى: يۇقىرىدا دېيىلگەن «مىخچىگەرلىك مەھەللىسى»نىڭ ئاخىرىدىكى «سارايكۆل» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەھەللە.

19. ئوردا كۆل مەھەللە: هازىرمۇ مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، بۇ جايدىكى كۆل ئورنى ناھىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن.

20. كۆرەڭكۆل مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

21. چوڭقۇر ئېرىق بېشى: «ئازنا مەسچىت»نىڭ ئالدى تەرىپىدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كوچا.

22. ئىچكىرىكى سەرگەز بازار: ئۇنتۇلغان.

23. تۇگىرمەن باش مەھەللە: ئۇنتۇلغان. «تۇگىرمەن» تۈگمەننىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى.

24. خوجا يۇسۇپ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

25. ئاق مەسچىت مەھەللە: هازىرمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، «سارايكۆل»نىڭ شىمال تەرىپىدىكى مەسچىتنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ.

26. ئارا مەسچىت مەھەللە: هازىرمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، يۇقىرىدا دېيىلگەن



«ئوردا كۆل» مەھەللىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

27. توغراقتۇۋى دۆڭكۆل: ئارا مەسچىتكە بارىدىغان كوچا.

28. توغراقتۇۋى كۆلبېشى: ئۆزگەرتۇلغان.

29. مەھرەمبەگ مەھەللىسى: ئۆنتۇلغان.

30. رىگىستان مەھەللە: ھازىرقى 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى.

## تېرەكباغ دەرۋازىسى دائىرىسىدىكى مەھەللەر

1. تېرەكباغ ۋەخپە مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

2. ناسىركار مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

3. ئېشەك بازار مەھەللە: ھازىرقى يار كوچا ئاھالىلەر كومىتېتىغا قاراشلىق مەھەللە بولۇپ، ھازىرمۇ مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

4. ئابۇبەكرى مەھەللىسى: ھازىر «ئاۋكى مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

5. شەھىدانكۆل مەھەللە: يار كوچىنىڭ شەرق تەرەپ دوقمۇشىدىكى مەھەللە بولۇپ، كىشىلەر ھازىر «شەيتانكۆل» دەپ تەلەپپۇز قىلىشىدۇ.

6. ساغرىچى مەھەللە: «شەھىدانكۆل»نىڭ يېنىدىكى مەھەللە بولۇپ، «ساغرىچى» ئېشەكنىڭ ساغرا تېرىسىدىن كۆن ئىشلىگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېشەكنىڭ ساغرا قىسمىدىكى تېرىدىن ئىشلەنگەن كۆن دانلىق ۋە كۆك رەڭلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياسالغان غىلاپمۇ «ساغرا غىلاپ» دەپ ئاتالغان.

7. ئەبرىشىمكار: غەدىرگەرلىكتىن چاسۇ (چەھارسۇ)غا بارىدىغان يولنىڭ شىمالى، «يار كوچا»نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەھەللە بولۇپ، كىشىلەر ھازىر «ئەۋرىشىمكا» دەپ تەلەپپۇز قىلىشىدۇ.

8. ئەيسا خوجا ئاقساقال مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

9. سوقا كۆل مەھەللە: ئېشەك بازار مەھەللىسىنىڭ يېنىدىكى مەھەللە بولۇپ، ھازىر دەك (ئات ـ ئۇلاغ ساقلايدىغان ئورۇن) قىلىنغان.

10. كۆك مەسچىت مەھەللە: يۇقىرىدا دېيىلگەن «ساغرىچى» مەھەللىسىگە قوشنا مەھەللە.

11. كىچىك كۆنچى مەھەللە: «كۆك مەسچىت» مەھەللىسىگە چېگرالىنىدۇ.

12. قەلەندەرخانا مەھەللىسى: بۇرۇنقى يار كوچا باشلانغۇچ مەكتەپ ئەتراپى.

13. مىرھۇسەين خەلپە مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

14. تېرەكباغ ئوردا مەھەللە: ھازىر «تېرەكباغ ئوردا كۆل» دەپ ئاتىلىۋاتقان مەھەللە.

15. تېرەكباغ سېيىت خەلپەم مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

16. تېرەكباغ سوقاباش مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

17. كۆچاركۆل مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

18. گۆلگۆن كۆل مەھەللە: تېرەكباغ گۆزەر ئەتراپىدىكى مەھەللە بولۇپ، كىشىلەر ھازىر «غۇلغۇنكۆل» دەپ تەلەپپۇز قىلىشىدۇ.

19. تېرەكباغ دۆڭ كوچا مەھەللە: شاھ مەنسۇر كوچىسىغا بارىدىغان ئېگىزلىكتىكى كوچا.

20. شاھ مەنسۇر كوچىسى: ھازىرمۇ مۇشۇنداق نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان كوچا بولۇپ، يۇقىرىدا دېيىلگەن «تېرەكباغ دۆڭكوچا»نىڭ ئاياغ تەرىپىگە، يەنى ھازىرقى ياشانغانلار ساناتورىيەسىنىڭ غەرب تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

21. تېرەكباغ بەگ مەھەللىسى: ئۇنتۇلغان.

22. ماش جۇۋا مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

23. چارسۇ تۇمۇرچى مەھەللىسى: بۇ مەھەللە ھازىر يەكەن كونا شەھەردىكى ئاۋات بازارلارنىڭ بىرى بولۇپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، مىلادىيە 1871 ـ يىلى يېزىلغان «ياركەندلىك يۇسۇف ئاخۇننىڭ پادىشاھلىقتا تەۋە قىرىق تۆت كىشىلىك ھۆجرا ئۆيلەرنى يەتتە يۈرۈش دۇكانلىرى بىلەن قوشۇپ ئىجارىگە ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھۆججەت»تە ھازىر «چاسۇ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان بۇ مەھەللىنىڭ نامى ئەسلىي تەلەپپۇزى بويىچە «چەھارسۇ بازار» دەپ خاتىرىلەنگەن.

24. چوڭ كۆنچى مەھەللە: بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدىكى چوڭ مەھەللە بولۇپ، ھازىر «كۆنچىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل يەرلىك خۇرۇم «كۆن» دەپ ئاتىلاتتى.

25. كىچىك ئەندىجان مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

26. مۇنار تۇۋى مەھەللە: ئازنا مەسچىتىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى مەھەللە.

27. كەسمە مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

28. چوڭ ئەندىجان مەھەللە: ئۇنتۇلغان.

29. ئەبرىيكچى مەھەللە: ئۇنتۇلغان. «ئەبرىيكچى» يۇلغۇندىن يىپ ياسىغۇچى دېگەن مەنىدە.

## مازار ئىسىملىرى

ئەينى دەۋردىكى ياركەند تەۋەسىدىكى مازارلاردىن تىزىملىكتە خاتىرىلەنگىنى 23 بولۇپ، ئۇلاردىن 9 مازار «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 14 مازار كىرگۈزۈلمىگەن. ئەكسىچە، يۇقىرىقى

كىتابتىكى تۆت مازارنىڭ ئىسمى مەزكۇر تىزىملىكتە ئۇچرىمايدۇ. بۇ بەلكىم ئاتىلىشتىكى پەرقتىن ياكى باشقا سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. مەسىلەن، تىزىملىكتە «ھەزرىتى پىر بۇزرۇكۋار» دەپ ئېلىنغان مازار ئىسمى «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا «خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى» دەپ، تىزىملىكتە «سېرىنار كۆل بېشىدىكى ئۇشتۇر خەلپەم ناملىق بۇزرۇكۋار» دەپ ئېلىنغان مازار ئىسمى يۇقىرىقى كىتابتا «جالالات خېنىم مازىرى» دەپ ئېلىنغان ۋە باشقىلار. يۇقىرىقىدەك پەرقلەردىن باشقا يەنە تىزىملىكتە «دۇخان» دەپ ئېلىنغان، خەلق ئىچىدە «دۇخان پاشا» دەپ ئاتىلىۋاتقان «تارىخى رەشىدىي»دە ① «دەۋاخان پادشاھ» دەپ خاتىرىلەنگەن مازار ئىسمى «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا ئۇچرىمايدۇ ۋە باشقىلار.

**تىزىملىكتە خاتىرىلەنگەن 23 مازار:**

1. شەھەر ئىچى ئالتۇن دەرۋازا ئالدىدا ئالتۇن مازار: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتاب بىلەن ② «تارىخى ھەمىدىي»دە ③ تىزىملىكتىكىگە ئوخشاش «ئالتۇن مازار» دەپ ئېلىنغان. «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا «ئالتۇنلۇق مازىرى» دەپ ئېلىنغان.



2. كىچىك ئالتۇن مازار

3. يەتتە چىلتەن ناملىق ھەپتە مۇھەممەد بۇزرۇكۋار: بۇ مازارنىڭ ئىسمى «تارىخى رەشىدىي»دە ④ ۋە «تارىخى ھەمىدىي»دە ⑤ «ھەپتە مۇھەممەدان» دەپ خاتىرىلەنگەن. «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا «چىلتەن مازىرى» دەپ ئېلىنغان.

4. قاۋغات (ئەسلىي تەلەپپۇزى «قاراقات») دەرۋازا ئالدىدىكى قوم چېچەك ناملىق ئوبۇل ئاتا، ئوبۇل ھەسەن بۇزرۇكۋار؛ كىشىلەر ھازىر بۇ مازارنى «قوم چېچەك مازار» دەپ ئاتىشىدۇ.

5. مەسخىرە دەرۋازىسى ئالدىدىكى خوجا مىگدۇك بۇزرۇكۋار.

6. سېرىنار كۆل بېشىدىكى ئۇشتۇر خەلپەم ناملىق بۇزرۇكۋار: بۇ مازار ھازىر «جالالات خېنىم» مازىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

7. ھەيدەرباغ قومۇشلۇق

بۇزرۇكۋار.

8. قۇچقار ئاتا بۇزرۇكۋار.

9. سۇت بىبى بۇزرۇكۋار: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىرى ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتىمۇ ⑥ «سۇت بىبى» دەپ ئېلىنغان. «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا «سۇت پاشىم» دەپ ئېلىنغان.

10. ھەزرىتى پىر بۇزرۇكۋار: «تارىخى ھەمىدىي»دە ⑦ «خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر بۇزرۇكۋار» دەپ، «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا «خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى» دەپ ئېلىنغان.

11. كىچىك ئالتۇن مازار: تىزىملىكتىكى 2 ـ مازار بىلەن بۇ 11 ـ مازارنىڭ ئىسمى ئوخشاشلا «كىچىك ئالتۇن مازار» دەپ ئېلىنغان. بۇ مازارنىڭ ئىسمى ئىككى جايدا تەكرار يېزىلىپ قالغاندەك قىلىدۇ.

12. ئىشقۇل ناملىق مازار.

13. قۇمۇشلۇق ناملىق بۇزرۇكۋار.

14. دۇخان ناملىق بۇزرۇكۋار: يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ مازارنىڭ ئىسمى «تارىخى رەشىدىي»دە «دەۋاخان پادشاھ» دەپ ئېلىنغان.

15. تاشلىق مازار.

16. سۇلتان ئۇۋەيس قەرنە مازىرى.

17. خوجا كاسانى ۋەلى مازىرى.

18. شەھىدان مازار: «ئۇيغۇر مازارلىرى» دېگەن كىتابتا «شەيدان مازار» دەپ ئېلىنغان.

19. ياستون بۇزرۇكۋار: بۇ مازار ھازىر پوسكام ناھىيەسىنىڭ كۇيباغ يېزىسىدا بولۇپ، تىزىملىكتە يۇقىرىقىدەك «ياستۇن» دەپ، «ئۇيغۇر مازارلىرى»دا «ياسدۇن» دەپ، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «ياسدۆڭ» دەپ ئېلىنغان. بۇ يەر نامىنىڭ توغرا تەلەپپۇزى تىزىملىكتىكىگە ئوخشاش «ياستون» بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەر نامىدىكى «ياس» سۆزى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ⑧ «زىيان، ئۆلۈم، ھالاكەت» دېگەن مەنىلەردە ئىزاھلانغان.

20. سۇلتان قارا ساقال مازىرى.

21. مىڭ گۇجەك ئاتام مازىرى.

22. زاكىر ئاتام مازىرى.

23. لەھمە نامىلىق مازار.

## يېزا نامىلىرى

1. مىرشاھ: ھازىر ناھىيە مەركىزىگە تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يېزا «مىشا» دەپ ئاتىلىدۇ. «ياركەند ناھىيەسىنىڭ يەر نامىلىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە ئىزاھلاش ئېھتىياجى تۇپەيلىدىن توقۇپ چىقىلغان ئاددىي بىر رىۋايەت ئارقىلىق «مىشا» دېگەن يەر نامىنىڭ «مىرشاھ» دېگەن ئادەم ئىسمىدىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى قىياس ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇڭا، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن تىزىملىكتىكى «مىرشاھ» دېگەن بۇ يېزا نامىنىڭمۇ يۇقىرىغا ئوخشاش پەرەزگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان نام ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، بىرى «مىرشاھ» دېگەن ئاتالغۇ تىلىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان ھەمدە كېيىنكى چاغلاردا «مىشا»

دەپ تەلەپپۇز قىلىنىش ئارقىلىق ئۇنتۇلغان ئاتالغۇ بولماستىن، بەلكى تىلىمىزغا كېيىنكى چاغلاردا پارسچىدىن كىرگەن ھەممە ھەمدە كىشى ھازىرغىچە ئۆز پېتى بىلەن «مىرشاھ» دەپ تەلەپپۇز قىلالايدىغان ۋە قىلىۋاتقان ئاتالغۇ. شۇنداق بولغاچقا «مىشا» دېگەن يەر نامىنى «مىرشاھ»تىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ قاراش ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئىككىنچىدىن، «مىشا» دېگەن يەر نامى ياركەند ناھىيەسىدىن باشقا يەنە پەيزىۋات ناھىيەسىدىمۇ بار. بەلكى بۇ ناھىيەدە بىر يېزا بىلەن بىر كەنت «مىشا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر يەكەن ناھىيەسىدىكى «مىشا» دېگەن يەرنامى «مىرشاھ» دېگەن ئادەم ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى بىر يېزا بىلەن بىر كەنتنىڭ «مىشا» دېگەن نامىمۇ ئەلۋەتتە «مىرشاھ» دېگەن ئادەم ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئارىلىقلىرى بىرقانچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئىككى ناھىيەدىكى «مىشا» دەپ ئاتىلىۋاتقان يەر نامىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا «مىرشاھ» دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى «مىشا» دېگەن يەر ناملىرى «مەنشا»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، مەنىسى يېگىدىن بەرپا بولغان يۇرت، دېگەنلىك بولىدۇ دەپ ئىزاھلانغان. دەل ئاشۇ تەزكىرىدە (266 ـ بەت) ياركەند ناھىيەسىدىكى «مىشا» دېگەن يەر نامى يۇقىرىقىغا پەقەت ئوخشىمىغان ھالدا «مىرزا» دېگەن ئادەم ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دەپ ئىزاھلانغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىم «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا «مىشا» دېگەن يەر نامى «مىشەر» دەپ ئاتىلىدىغان قوۋمنىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرىزنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداق قىلىپ «مىشا» دېگەن يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدىكى پەرەزلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا «مىرشاھ»، «مەنشا»، «مىرزا»، «مىشەر» دېگەندەك تۆت خىل سۆزگە باغلاپ قارالغان.

2. بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەجدادلىرىمىز قوللانغان يەر ناملىرى ئانا تىلىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەۋەررۈك، يېزىقسىز تارىخىي خاتىرە سۈپىتىدە مىراس، ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ «قەدەم ئىزى» سۈپىتىدە تارىخىي ھۆججەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئەجدادلىرىمىز بىلەن بىزنى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بىر خىل مەنىۋى رىشتە دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، يەر نامىلىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش ئەلۋەتتە ھەممىمىز ئۈچۈن بىر خىل مەسئۇلىيەت ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، جايلاردا تۈزۈلگەن ئايرىم يەر ناملىرى تەزكىرىلىرىدە ۋە بەزى شەخسلەرنىڭ ماقالىلىرىدە يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى، يەنى ئەسلىي تەلەپپۇزى، مىللەت ياكى تىل تەۋەلىكى، مەنىسى، كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلارنى قانداقتۇر دەبدەبىلىك سۆزلەرگە ياكى ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارغا باغلىۋېلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مەنبەلىرىنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەر ناملىرىنى قوللىنىش ئادىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنداق بولغاندا، يەر ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ جايلارنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكى مۇجمەللىشىدۇ، خالاس. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارىخى رەشىدىي» ۋە «سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردا ياركەندنىڭ ھازىرقى يېزىلىرىدىن «ئارسلانباغ»، «ئارال» قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك ھازىرقى «مىشا» يېزىسىغا تەۋە «كېسىمچى»، «قايماقچى»، «توغاچ»، «شامالباغ»

قاتارلىق كەنت نامىلىرى ھازىرقى تەلەپپۇزغا ئوخشاش ھالەتتە خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېزىنىڭ «مىشا» دېگەن نامى خاتىرىلەنمىگەن. شۇڭا، بىز بۇ يېزىنىڭ نامىنىڭ تارىخىي كىتابلاردا نېمە دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويالمىساقمۇ، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مەنبەلىرىنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەر نامىلىرىنى قوللىنىش ئادىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «مىشا» دېگەن يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىز ئەينى دەۋرلەردە ئۆزلىرى ماكانلاشقان جايلارغا، بولۇپمۇ يېزا ـ قىشلاقلارغا نام بېرىشتە ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئاساس قىلغان. «مىشا» دېگەن يەر نامىنى قوللىنىشتىمۇ دەل شۇنداق بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى مەنبەلىرىگە قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز «م» تاۋۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «مىسىل»، «مىش»، «مىشە» ⑨، «مىر»، «مىشچىك»، «مىشى»، «مىڭار»، «مىن» ⑩ دېگەندەك ئۆزلىرىگە خاس ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، پاخالنى «مىسىل»، مۇشۇكنى «مىش»، يۇڭى قىرقىۋېتىلگەن ئاشلانغان تېرىنى «مىشە»، ھەسەلنى «مىر»، ئاينىڭ 16 ـ كۈنىنى «مىشى»، بۇلاقنى «مىڭار»، خىمىرنى «مىن» دەپ ئاتاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «مىشە» دېگەن ئاتالغۇ تۇرپاندا يەرلىك شېۋە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. ئابلەت ئابباس ئەپەندى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا يۇقىرىقىدەك قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارغا نەزەرنى ئاغدۇرغان ھالدا، «مىشا» دېگەن يەر نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىشە»نىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى. يەر نامى بولۇپ كەلگەندە، «تېرە خالتا تىككۈچى» ياكى «تېرە خالتا تىككۈچىلەر يۇرتى» دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. دەرۋەقە، بەزى پاكىتلار يۇقىرىقىدەك قاراشلارنى، يەنى «مىشە»نىڭ جايلاردىكى «مىشا» دەپ ئاتىلىۋاتقان يەر نامىنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئالايلۇق، يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىرقى يەكەن ۋە پەيزىۋات ناھىيەلىرىدە بىر قانچە جاينىڭ «مىشا» دەپ ئاتىلىشى ھەمدە تۇرپان رايونىدا «مىشە»نىڭ يەرلىك شېۋە سۈپىتىدە ئەسلىدىكى مەنىسى بويىچە ساقلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللار ئەينى زامانلاردا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ياشاپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ «مىشە»نى يۇقىرىقىدەك مەنىدە قوللىنىشتىن تاشقىرى، يەنە يەر نامى قىلىپمۇ قوللانغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ تەدرىجىي ئىستېمالدىن قىلىشقا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى «مىشە»نىڭ «مىشا» دەپ تەلەپپۇز قىلىشقا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەكتە.

«مىشا» دېگەن يەر نامىنىڭ «مىشە»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر پاكىت ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەر نامىلىرىنى قوللىنىش ئادىتىدىن ئىبارەت. تارىختا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭى قىرقىۋېتىلىپ ئاشلانغان تېرىنى «مىشە» دەپ ئاتىشى ھەمدە بۇ ئاتالغۇنىڭ يەر نامى قىلىپ قوللىنىشى تاسادىپىي مەيدانغا كېلىپ قالغان ھادىسە ئەمەس. ئەگەر بىز قەدىمكى زامانلاردىكى ئەمگەكچان، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش لازىمەتلىكلىرى جەھەتتە نېمىلەرگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنى ھەمدە شۇ زامانلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئاندىن كىشىلەرنىڭ «مىشە»گە بولغان ئېھتىياجىنى ۋە ئۇنىڭ جايلاردا يەر نامى قىلىپ قوللىنىشقىچە بولغان سەۋەبلىرىنى بىرقەدەر توغرا چۈشىنەلەيمىز. ئەجدادلىرىمىز ئەينى زامانلاردا «مىشە»گە ئوخشاش ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولۇپ كەلگەن ھەرخىل قورال ـ سايمان ۋە نەرسە كېرەكلەرنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە يەر نامى قىلىپمۇ قوللانغان. بۇنىڭغا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، يېڭىسار، يەكەن، مەكىت، مارالبېشى قاتارلىق

ناھىيەلىرىدىكى «شۇتا»، «چاچاپ»، «چوكا»، «لەمپە»، «كىمە»، «قوتان»، «توقام»، «چۇشۇرگە»، «توما» دېگەن يەر ناملىرىنى ھەمدە بۇلاردىن باشقا، يەنە «ھاسا»، «زەمبىل»، «سوكەن»، «پالتا»، «خادا»، «كەتمەن»، «كۆتەك»، «قوزۇق» قاتارلىق قورال - سايمان ۋە نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ئىسمىغا باشقا قوشۇمچىلار، سان ياكى باشقا بىر ئىسمنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان «ھاساق ئېرىق»، «زەمبىل تاياق»، «سوكەن ئاستى»، «پالتا ئېرىق»، «خادا تىك»، «مىڭ خادا»، «ئەللىك كەتمەن»، «كۆتەكلىك»، «سەكسەن قوزۇق» قاتارلىق كەنت - مەھەللە ناملىرىنىمۇ مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇلاردىن بىز «مىشا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان يەر ناملىرىنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەرسە - كېرەك ئىسملىرىنىمۇ بىۋاستە يەر نامى قىلىپ قوللىنىش ئادىتىدىن كەلگەن بىر خىل مىسال ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

خۇلاسە قىلغاندا، «مىشا» دېگەن يەر نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىشە» دېگەن ئاتالغۇدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «يۇڭى قىرقىۋېتىلىپ ئاشلانغان تېرە» دېگەنلىك بولىدۇ. يەر نامى بولۇپ كەلگەندە بولسا، ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا زۆرۈر بولغان بىر خىل تېرىنى (مىشەنى) ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. قوشراپ: ھازىرمۇ «قوشراپ» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزا بولۇپ، ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدىن 90 كىلومېتىر يىراقلىقتا. «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا» دېگەن كىتابتا «قوشراپ»نىڭ مەنىسى «قوش بازار دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

4. راباتچى: ھازىرقى «خاڭدى» بازىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، ناھىيە مەركىزىنىڭ شىمالىدىن 40 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ بازارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 1.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر كەنت ھازىرمۇ «راۋاتچى» (راباتچى) دەپ ئاتىلىدۇ. «رابات» ئۆتەڭ، چۈشكۈن دېگەن مەنىدە.

4. باش ئۇپا: ھازىرقى «ئارسلانباغ» دائىرىسىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، ھازىر «ئۇپا» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئۆستەڭ ئارسلانباغ يېزىسىنىڭ «ئېلىش بېشى» كەنتىنىڭ تەۋەسىدىكى دەريا ئېقىنىدىن باشلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدىي»دە «ياركەندگە ئىككى فەرسەڭ يىراقلىقتىكى ئارسلانباغ ئاتلىق جاي» دەپ خاتىرىلەنگەن.

5. ئوتتۇرانچى ئۇپا: بۇ ھازىرقى پەكچى يېزىسىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، «ئۇپا» ئۆستىڭىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى پەكچى يېزىسى تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ. «ئۇپا»نىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «ئوبا» بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئوبا — قەبىلە. ئوغۇزچە» دەپ كۆرسىتىلگەن.

6. تاغارچى: ھازىرمۇ «تاغارچى» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزا.

7. پوسكام: ھازىر ئايرىم ناھىيە.

8. بەشكەنت: ھازىرمۇ «بەشكەنت» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزا.

9. ئارال: ھازىرمۇ «ئارال» دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزا بولۇپ، «سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتا «ئارال» دېگەن يېزا نامى بىلەن مۇشۇ يېزا تەۋەسىدىكى ھازىرمۇ «كۆكقۇم» دەپ ئاتىلىۋاتقان كەنتنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن.

10. ئوتۇنچى: ھازىرقى «چارباغ» يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ.

11. كامىرا ئوردا ئۆستەڭ: بۇ ھازىرقى «تومئۆستەڭ» يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ. «كامىرا ئوردا ئۆستەڭ»دىكى «كامىرا» ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىغىچە ھازىرقى تومئۆستەڭ يېزىسىنىڭ نامى

بولۇپ كەلگەن. «ئوردا ئۆستەڭ» بولسا، ھازىرمۇ مۇشۇ يېزىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ كەلمەكتە.

12. ئاياغ ئوپا: ھازىرقى «ئېلىشقۇ» بازىرىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، «ئوپا» ئۆستىڭىنىڭ ئاخىرى ئېلىشقۇ بازىرىنىڭ «چىلانغىر» كەنتىدە ئاياغلىشىدۇ.

13. يېڭىئۆستەڭ: ھازىرمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىۋاتقان يېزا.

14. يېڭىئاۋات: بۇ ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «ئاۋات» يېزىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى بولۇشى مۇمكىن.

15. قاراقۇم: بۇ ھازىرقى «ئىشقۇل» يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇن مۇشۇ يېزا مەركىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 8.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «قاراقۇم» كەنتىنىڭ نامى بىلەن بۇ يېزا «قاراقۇم» دەپ ئاتالغان بولسا («سەئىدىيە خاندانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابتىمۇ «قاراقۇم» دەپ خاتىرىلەنگەن)، ھازىر يېزا مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىن 3.2 كىلومېتىر كېلىدىغان «ئىشقۇل» كەنتىنىڭ نامى بىلەن بۇ يېزا «ئىشقۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىيال ۋە ئىزاھلار:**

④ ① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ قىسىم 638 ـ، 639 ـ ۋە 664 ـ بەتلەر.

⑥ ② شاھ مەھمۇد چۇراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، 15 ـ، 59 ـ، 122 ـ، 201 ـ، 202 ـ بەتلەر.

⑦ ⑤ ③ موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 641 ـ بەت.

⑧ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاي ۋە 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ توم 218 ـ بەت؛ 1 ـ توم 117 ـ بەت.

⑨ غۇلام غوپۇرى: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 241 ـ بەت.

⑩ ئابلىمىت ئەھەد، دىلدار مەتىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 386 ـ، 387 ـ بەتلەر.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 256 ـ بەت.

راھىلە داۋۇت: «ئۇيغۇر مازارلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى.

سۇلتان ماموت ئىبراھىم: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

قۇربانجان ئابلىمىت نورۇزى، پالتاخۇن ئەۋلاخۇن: «شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ ئېتمولوگىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى.

(ئاپتور يەكەن ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان)

# ياماقچى

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا مىسىر شەھىرىدە مەرۇپ ياقامچى دېگەن بىر ئادەم بولغانىكەن. ئۇ ياماقچىلىق قىلىپ ئاران كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. مەرۇپ دامۇللا ئىمامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن رىزۋان ئاتىن دېگەن بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. رىزۋان ئاتىن ناھايىتى ھىيلىگەر خوتۇن ئىكەن. رەم ئېچىش، پال سېلىش قاتارلىق خۇراپىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن.

رىزۋان ئاتىن ئېرىنىڭ ياماقچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلىغا قانائەت قىلمايدىكەن.

بىر كۈنى مەرۇپ ياماقچى بازاردا كۈنبويى ئىشسىز ئولتۇرۇپ، كەچقۇرۇن ئۆيگە قۇرۇق قول قايتىپتۇ. رىزۋان ئاتىن ئېرىنى قارغاپ، تىللاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

مەرۇپ ياماقچىمۇ راسا جېنىدىن تويغانىكەن. ئۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە، كارۋانلارغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ تۆگە، ئاتلىرىنى بېقىپ قاراۋۇللۇق قىلىپ مىڭبىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن خوتەن شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

خوتەندە مەرۇپنىڭ تونۇشلىرىدىن ئەلى دېگەن بىر چوڭ سودىگەر بار ئىكەن. ئۇ مەرۇپنى كۆرۈپ قىلىپ، كوچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭلەر بىلەن ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە دەرھال ھاماماغا چۈشۈرۈپ ئۈستىبېشىغا يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ ھەمدە ئەتىسى مەرۇپقا دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ.

مەرۇپ ئىنتايىن سېخىي، قولى ئوچۇق ئادەم بولۇپ، ئالدىغا كەلگەن ھاجەتمەن يوقسۇللارغا دۇكاندىكى مال ۋە پۇللارنى بېرىپ رازى قىلىپ ماڭدۇرىدىكەن. ئۇ بىر كۈندىلا دۇكانىنىڭ مىڭ تىللالىق دەسمايىسىنى شەھەردىكى گادايلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا بېرىپ تۈگىتىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەلى مەرۇپقا يەنە مىڭ تىللالىق مال بېرىپ:

— ئەمدى بۇنداق قىلماڭ! — دەپ نەسىھەت قىلىپ يولغا ساپتۇ. مەرۇپ خوجايىنىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي، دۇكاندىكىماللارنى ئالدىغا كەلگەن گادايلارغا تارقىتىپ بېرىپ تۈگىتىپتۇ. مەرۇپنىڭ داڭقى خوتەن پادىشاھىغا يېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپتۇ. مەرۇپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا داستىخان سېلىپ، ھەرخىل تائاملارنى ھازىرلاپتۇ. تاماقتىن كېيىن پادىشاھ مەرۇپ ياماقچىدىن ئۇنىڭ قايسى شەھەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

مەرۇپ ئۆزىنىڭ چوڭ سودىگەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قولىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ قانداق تاش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ نەرخىنى سوراپتۇ.

مەرۇپ ئۈزۈكنى چىشى بىلەن سىناپ كۆرمەن دەپ سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ ـ دە، دەرھال:

— بۇ يارماس تاش ئىكەن، باھاسى مىڭ تىللاغا ئەرزىمەيدۇ، شاھىم. مەندە يۈزمىڭ تىللاغا

ئەرزىيدىغان ئېسىل تاشلار بار، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۈزۈكنى مىڭ تىللاغا ئالغانىكەن، مەرۇپنىڭ ئېيتقان باھاسى ئويلىمىغان يەردىن چىقىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ياماقچى تەرىپ قىلغان يۈز مىڭ تىللالىق قىممەت باھا تاشلارنى ئېلىش ئۈچۈن قىزى جاھانارانى مەرۇپقا بەرمەكچى بوپتۇ.

ۋەزىرلەر مەرۇپتىن پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى جاھانارانى ئەمرىگە ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشىپتۇ. مەرۇپ:

— مېنىڭ ماللىرىم، تۆگىلىرىم يولدا، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن توي قىلساق قانداق بولار؟ — دەپتىكەن، ئۇلار ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، مەرۇپقا جاھانارانى ئېلىپ بېرىشىپتۇ.

مەرۇپ جاھانارا بىلەن ئۈچ ئاي تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، ئاندىن:

— يولدا كېلىۋاتقان ماللىرىمدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي، — دەپ خوتەن شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالماقچى بوپتۇ.

مەرۇپ توختىماي مېڭىپ بەكمۇ چارچاپتۇ. ئاچلىقتىن قىينىلىپ ھالسىزلىنىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىر دېھقاندىن نان بىلەن قېتىق سوراپتۇ. دېھقان:

— ئوغلۇم، مېنىڭ ئۆيۈم ئاۋۇ تۆپىلىكتە. سەن ئۆكۈزلىرىمگە قاراپ تۇرغىن، مەن بېرىپ نان بىلەن قېتىق ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. مەرۇپ ئازراق دەم ئېلىپ: «دېھقان كەلگۈچە يەر ھەيدەپ تۇراي» دەپ يەرنى ھەيدەشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا قارىسا سوقا چىشى بىر نەرسىگە قادىلىپتۇ. مەرۇپ شۇنچە كۈچىسىمۇ ئۆكۈزلەر زادىلا ماڭالماپتۇ. مەرۇپ ئۆزىچە: «ئەمدى مېنى خۇدا ئۇردى. شور پېشانە ئىكەنمەن، دېھقان كەلسە نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن» دەپ قايغۇرۇپتۇ، ئۇ بىر ئىلاج قىلىپ سوقا چىشىنى چىقىرىۋېلىشقا ھەرىكەت قىپتۇ. لېكىن، سوقا چىشى زادىلا مىدىرلىماپتۇ.

مەرۇپ توپىنى كولاپ تاشنى ئېلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئاخىر تاشنى كۆچەپ كۆتۈرۈپ بىر چەتكە ئىرغىتىپتۇ. قارىسا بىر پەلەمپەيلىك لەخمە تۇرغۇدەك.

مەرۇپ ئۆز تەلىيىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپتۇ - دە، پەلەمپەي بىلەن لەخمىگە چۈشۈپتۇ. پۇتى يەرگە تېگىشى بىلەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئەتراپ كۈندۈزدەك يوپيورۇق تۇرغۇدەك. لېكىن، ئۇ يەردە نە چىراغ، نە شام كۆرۈنمىگۈدەك. مەرۇپ بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. لېكىن، ئىشىك قۇببىلىرىغا ئورنىتىلغان گۆھەرلەرنى كۆرۈپ يورۇقلۇقنىڭ گۆھەرلەردىن تارىغانلىقىنى بىلىپتۇ.

مەرۇپ قارىسا بۇ يەردە قىرىق ئۆي بار ئىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى قىممەت باھالىق ياغاچلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئاپپاق پەردىلەر تارتىلغانىكەن. ئۇ شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ قاراپ بېقىپتۇ. قارىسا، ئۆيدە قاتار - قاتارساندۇقلار تولۇپ كېتىپتۇ. ساندۇقلارنىڭ ئاچقۇچى قۇلۇپتا تۇرغۇدەك. مەرۇپ دەرھال بىر ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا ئىچىدە لىققىدە ئالتۇن، لەئل كەبى قىممەت باھالىق نەرسىلەر بار ئىكەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆي ھەممىسىدىن كاتتا بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىكەن. ئەمما، بۇ ئۆيدە ساندۇق، ئالتۇن كۆرۈنمەپتۇ. ئۆينىڭ تۆرىدە تەخت بولۇپ ئۇ ئەڭ قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەلگەنىكەن. تەخت ئۈستىدىكى بىر ئالتۇن ساندۇق ئىچىدە زۇمرەت كۆزلۈك كۈمۈش ئۈزۈك چاقناپ تۇرغۇدەك.

مەرۇپ ئۈزۈكنى ئېلىپ بارمىقىغا ساپتۇ، ئۇ ئۈزۈكنى ياخشىراق كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۈزۈكنى سىلىغانىكەن، بىردىنلا قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. مەرۇپ قورقۇپ

هوشىدىن كېتىپتۇ.
بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئىككى تال بېلىق قاناتلىق چوك بىر دىۋە ئۇنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلىپ تۇرغىدەك. دىۋە مەرۇپقا قاراپ:
ـــ هەي، سەئىد، نېمە خىزمەت بۇيرۇيسىز؟ تاغلارنى دەرياغا ئۆررۇيمۇ، يا شەھەرلەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتەيمۇ؟ ـ دەپ ئىككى پۈكلىنىپتۇ.
مەرۇپ قورققىنىدىن:
ـــ سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.
دىۋە:
ـــ ئەي سەئىد، ـــ دەپتۇ دىۋە ـــ مېنى رەدىقاسىپ دەيدۇ. قاپ تاغدىكى دىۋىلەرنىڭ پادىشاهى بولىمەن. يەتتە يۈز مىڭ لەشكىرىم بار. كىمكى شۇ ئۈزۈكنى قولىغا ئالسا، مەن ئۇنىڭ خىزمەتكارى بولىمەن. خالىسام، بىر شەھەرنى كۆچۈرۈپ دەرياغا تاشلايمەن. خالىسام، بىر لەهزەدە چۆللەردە شەھەرلەرنى پەيدا قىلىمەن، ـــ دەپ يەنە ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىپتۇ.
مەرۇپ ئەس ـ هوشىنى يىغىپ تۇرۇپ دىۋىگە مۇنداق دەپتۇ:
ـــ دەرھال توققۇز مىڭ ئەڭ ياخشى ئات، توققۇز مىڭ ئەڭ ياخشى نار تۆگە هازىرلاپ، مۇشۇ يەردىكى ئالتۇن ۋە قىممەت باهالىق تاشلارنى ئات ـ تۆگىلەرگە ئارتىپ تاشقىرىغا چىقىرىپ شاهانە چېدىر تىككىن، ئون مىڭ نەپەر جەڭچى پالۋانلارنى هازىر قىلغىن، دۇنيادا هېچكىم كىيمىگەن شاهانە كىيىم ـ كېچەك، قىممەت باهالىق تاشلاردىن قىلىنغان ياراغلارنى تەييار قىلغىن!
رەدىقاسىپ ئىككى قولىنى كۆزىگە ئېلىپ بېرىپ تەزىم قىپتۇ ۋە:
ـــ بۇيرۇقىڭىزنى دەرھال ئورۇنلايمەن، ـــ دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.
مەرۇپ تاشقىرىغا چىقسا رەدىقاسىپ ھەممە نەرسىنى هازىرلاپ مەرۇپنى كۈتۈپ تۇرغۇدەك. مەرۇپ دەرھال قىممەت باهالىق شاهانە كىيىملەرنى كىيىپ، رەدىقاسىپ تەييارلىغان تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەم سۈرىتىگە كىرگەن دىۋىلەر، رەدىقاسىپ ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر، چىرايلىق قىزلار قول قوۋۇشتۇرۇپ پەرمانبەردار بولۇپ تۇرغۇدەك.
ئەمدى گەپنى دېهقاندىن ئاڭلاڭ.
دېهقان بىر چۆچەكتە قېتىق بىلەن تۆت دانە قاتتىق ناننى ئېلىپ كېلىۋېتىپ يىراقتىن ئۆز يېرىدە تىكىلگەن چېدىرلار ۋە ئاجايىپ ئاتلارنى كۆرۈپ ئەس ـ هوشىنى يوقىتىپ قويايلا دەپتۇ. مۇلازىملار مەرۇپنىڭ ئەمرى بىلەن دېهقاننى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرىشىپتۇ. دېهقان مەرۇپنى پادىشاھ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا تەزىم قىپتۇ. قورۇق قول كەلگەنلىكى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپتۇ.
مەرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ دېهقاننى قۇچاقلاپتۇ:
ـــ ئاتا، سىز ئېلىپ كەلگەن بۇ نانلار بىلەن قېتىق ماڭا يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاهلىقىدىنمۇ ئەۋزەل. نېمە تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ! ـــ دەپتۇ.
دېهقان مەرۇپقا تەزىم قىلىپ:
ـــ پادىشاهىم، مەن مۇشۇ يەرنى تېرىش ئۈچۈن بىر بايدىن ئىجارىگە ئالغان، باي مېنى بەك خورلايدۇ. ماڭا تۈرلۈك ـ تۈمەن جەبىر ـ زۇلۇم قىلىدۇ. ئالغان ئون ئۆلۈش هوسۇلۇمنىڭ توققۇز ئۆلۈشىنى باي تارتىۋالىدۇ. ئۆزۈمگە پەقەت بىر ھەسسىلا هوسۇل قالىدۇ. يىلبويى بالا ـ چاقام بىلەن ئىشلەيمەن، ئاخىر ئاچ ـ يالىڭاچ قالىمىز. تىلىكىم شۇكى، سىز ئاشۇ زالىم باينىڭ جازاسىنى بېرىپ مېنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرسىڭىز.
مەرۇپ دەرھال ئۈزۈكنىڭ كۆزىگە قولىنى تەگكۈزۈپتۇ. شۇئان رەدىقاسىپ هازىر بولۇپ يەر ئۆپۈپ خىزمەتكە تەييار بوپتۇ.
مەرۇپ دىۋىگە يەرنىڭ ئىگىسىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
باي مەرۇپنى پادىشاھ دەپ ئويلاپتۇ. مەرۇپ زالىم بايغا قاراپ:
ـــ لەنىتى، سەن نېمىشقا دېهقانلارنى ئېزىسەن؟ ـ دەپ خىتاب قىپتۇ. باي ئېسەنگىرەپ مەرۇپنىڭ سورىقىغا جاۋاب بېرەلمەي قاپتۇ. مەرۇپ

دۆلەرگە بۇيرۇپ باينىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يەرنى دېھقانغا ئۆمۈرلۈك ھۆكۈم قىلىپ بېرىپتۇ. ئاندىن دېھقانغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتا، ئەمدى يەر ئۆزىڭىزنىڭ بولدى. سىزگە ھېچكىم دەخلى قىلالمايدۇ. مەن سىزگە ئون ساندۇق تىللا بېرىمەن، سىز ئاشۇ باي بولغاندا زالىم بايدەك باشقا كەمبەغەل دېھقانلارنى ئەزمەي تىللالارنى باشقا دېھقانلارغىمۇ بۆلۈپ بېرىڭ، ئۆزىڭىزمۇ بەھۇزۇر خەجلەپ يۇرۇۋېرىڭ.

شۇنداق قىلىپ مەرۇپ دېھقانغا ئون ساندۇق تىللا بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى خوتەن پادىشاھىدىن ئاڭلايلى.

مەرۇپنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى خوتەن پادىشاھى بىلىپ قاپتۇ.

پادىشاھ دەرھال مەرۇپنىڭ ئارقىسىدىن چاپارمەنلەرى ئەۋەتىپ، ئۇنى نەدە تاپسا چەمبەرچاس باغلاپ، كىشەنلەپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ قەسەمياد قىلىپ: «ئۇ نان قېپىنى شۇنداق ئازابلاپ ئۆلتۈرەيكى، بۇ ۋەقە باشقىلارغا قاتتىق ئىبرەت بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم مېنى ئالدىيالمايدىغان بولسۇن!» دەپتۇ.

خوتەن پادىشاھىنىڭ چاپارمەنلىرى مەرۇپنى تۇتۇپ كېلىشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار مەرۇپ تۇرغان يەرگە كېلىپ شاھانە چېدىرلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. چۈنكى، ئۆمرىدە مۇنداق قىممەت باھالىق چېدىرلانى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. چاپارمەنلەر ئاتتىن چۈشۈپ رۇخسەت سوراپ، چېدىر ئىچىگە كىرىشىپتۇ ۋە مەرۇپقا تەزىم قىلىشىپتۇ.

مەرۇپ ئۇلارغا قاراپ:

— خۇش كېلىپسىزلەر، خوتەن شاھىنىڭ چاپارمەنلىرى! خوش، نېمە خىزمەت بىلەن كەلدىڭلار؟ — دەپتۇ. چاپارمەنلەر يەر ئۆپۈپ:

— ئەي، شاھىنشاھ، جانابىڭىزنىڭ قىيىنئاتىلىرى بىزنى يولغا چىقىپ سىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى، — دەپ ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىشىپتۇ.

مەرۇپ شۇئان خەزىنىچىنى چاقىرىپ:

— ھەربىر چاپارمەنگە مىڭ تىللادىن پۇل بېرىلسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر ئالتۇننى ئېلىپ مەرۇپقا قۇللۇق قىلىشىپتۇ. ئاندىن پادىشاھقا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن يۇرۇپ كېتىشىپتۇ.

چاپارمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن مەرۇپمۇ ئۆزىگە قاراشلىق ئادەملەرنى ياساندۇرۇپ، چىرايلىق ئاتلارنى مىنگۈزۈپ، دۇنيا - دۇنيا ئالتۇنلار، قىممەت باھالىق تاشلار، لەئل - گۆھەرلەرنى نار تۆگىلەرگە ئارتىپ خوتەن شەھىرىگە راۋان بوپتۇ.

چاپارمەنلەر ئۇچقاندەك پادىشاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ مەرۇپنىڭ دۆلىتىنى، شان - شەۋكىتىنى پادىشاھقا شۇنداق تەرتىپ - تەۋسىپ قىلىشىپتۇكى، خوتەن پادىشاھىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ. چاپارمەنلەر ئەتىسى ئەتىگەندە مەرۇپنىڭ شەھەرگە كېلىدىغانلىقىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىشىپتۇ.

ئەتىسى چاشگاھ پەيتىدە شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن چاڭ - تۇزان كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي سەر خىل ئاتلارغا مىنگەن چىرايلىق يىگىت - قىزلار، رۇستەمدەك پالۋانلار، يۈك ئارتىلغان نار تۆگىلەر يېقىنلىشىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ ئالدىدا مەرۇپ ئەسئەد دەبدەبە بىلەن كېلىۋاتقۇدەك.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپ ھەسەت قىلىپ كۈيۇ ئوغلى بىلەن كۆرۈشمەپتۇ. مەرۇپ شەھەرگە جار سالدۇرۇپ غېرىب - مىسكىنلەرنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپتۇ. ئۇلارغا كۆپلەپ مال - دۇنيا بېرىپ خۇرسەن قىپتۇ.

(توپلاپ رەتلىگۈچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)




## تۇرپان قەدىمي توي - مۇراسىم تېكىستلىرى

بىر تەرەپتە يىگىتلەر داپ چېلىپ بۇ قىسمى ناقشى ئايتىپ تۇرادۇر:

گۈللەر قاتار ئويناشلار، ياخشى ياردىن ئايرىلماشلار، گۈليار.
قەدىر بىلگەن ئاشىقنى، گۈل يارەي، جاننى خەشلاپ ئويناشلار، گۈليار.
سەن مېنىڭ يارىممىدىڭ، مەندىن نېچۈك ئايرىلدىڭ، گۈليار،
ھەر يەردە قاراپ كۆرسەم، گۈليارەي، يارىم سېنى ساغىندىم، گۈليار.
كۆزۈڭ بىرلە كۆردۈڭمۇ، قۇلاق ئىشىتكەن يالغان، گۈليار،
يارىم ئۆزىدىن باشلىق، گۈليارەي، كەل دېگەنگە مەن بارغان، گۈليار.
تۆپەگە چىقسام قارارمەن يارنىڭ كەلگەن يولىغە، گۈليار،
ئەمدى ھەرگىز قاراماسمەن گۈليارەي، بىۋەفا يار يولىغە، گۈليار.

ھىجرانىڭمەن دېگەن ناخشىغە بۇ قىسىم بېيىتلارنى ئايتادۇر:

بۇغدايىنى ئورۇپ قويدۇق گۈچۈڭ دېگەن تۇز يەردە،
ئەمدى يەنە كۆرۈشسەك ئون بىرىنچى ئاي كۈزلەردە.
ئۇگەزگە چىقىپ تۇرساڭ قىزىل گۈلۈڭ باشىڭدا،
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق بىردەم ئولتۇر قاشىمدا.
مەن يارىمدىن ئايرىلىپ سەۋدايى بولدۇم ساغىرىپ،
مىن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن، ئايدەك يارىمدىن ئايرىلىپ.
ئۆيۈمدىن چىقتىم شول زەمان، قالغىن، بەرادەرلەر، ئامان،
ئۆمرۈم كېتىپ ئاخىر زەمان، مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن.

ئالا ئات مېنىڭ ئاتىم، ئۆلسە كىلەمدۇر خەتىم،
باللار كىچىك قالدى يەتىم، مەن يىغلاماي كىم يىغلاسۇن.

تۆپەگە چىقسام قارارمەن يارنىڭ كەتكەن يولىغا،
ئەمدى ھەرگىز قاراماسمەن بىۋەفا يار يولىغا.
دەردى يوق دەمسەن مېنى دەردىم ئىچىمدە يەتكۈچە،
ئولتۇرۇپ بولمامدۇر تاشلاپ ئايتىپ پۈتكۈچە.
كەتتىلەر كۆڭلى قارا، كېتەمسەن يارىم دېمەدى،
چىناغە چاينى قويۇپ ئىچەمسەن يارىم دېمەدى.
ھاۋانىڭ تۇتۇقلىقى ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى،
بۇ مېنىڭ يىغلاماقىم يانىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ شۇم تالىئىم تالىيە ئىچىندە بەختى يوق،
يەنە ئاتسام چۇ چۇشىدۇ، ئوڭ قولۇم نىڭ نەقى يوق.
ئالەمنىڭ مەلالىدىن باشىم ئايلانىپ كەلدىم،
ئىستەڭلەر، سورىماڭلار ياردىن ئايرىلىپ كەلدىم.
دەندانە چۈكە قوللۇرۇڭ، گۈل غۇنچەسىدەك بويلۇرۇڭ،
قايداغ چىداي، جانىم يارىم، بىزگە سالغان كويلۇرۇڭ.

ئالمادەك رەڭلىك ئىدىم، رەڭگىمنى سارغارتتى فىراق،
قاشلارى قىيغان قەلەمدەك كۆزلەرى رەۋشەن چىراغ.
قارا يەغاچ كىسىپ قويدۇم قۇراسە قالارمەن دەپ،
ياخشى يار تۇتۇپ قويدۇم بوراسە ئالۇرمەن دەپ.
قارامۇقۇم ساچىلىپ كەتتى تېرىپ بەرسەڭچۇ،
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس ئىگىلىپ بەرسەڭچۇ.
كىچىككىنە باغىرتاغىم باغىرداپ ئۇچتى،
فوتىدىكى تاسمىلارى تاتىشىپ ئۇچتى.
يارنىڭ يارى يىقىن ئۇچۇن كۇندە كۆرۈشتى،
مېنىڭ يارىم يالغۇز ئۇچۇن كۆزۈمدىن ئۇچتى.
قارا ـ قارا قاشلارىڭ، ئايدەك جامالىڭ،
مېنى ئوتغە سالىپ نەدۇر خىيالىڭ.
تاماكام تۈگەپ قىلىپ تىۋە تابانى تارتتىم،
مەن كىچىك تۇرۇپ يار دەردىنى تولا تارتتىم.

ئۇشاق يىگىتلەر بۇ قىسمى ناقشى ئايتادۇر:

دەرد ئەلەملەر كېلەدۇر ئوغۇل بالانىڭ باشىغە،
سايدا تۇگۇرمەندلەر يۇرىدۇر كۆزىدىن ئاققان ياشىغە.
تاغما تاغلاردىن ئېگىز مورى چىتەينىڭ تاغلارى،
تۆپەسىگە قار ياغادۇر ئاستىنىدا باغلارى.
مەن دۇتارنى چالامەن كەمپەردەگە،
ئەمدى مەن قايداغ چىداي ئاق جۇگاننىڭ دەردىگە.
ئېگىزگىنە تۆپەم بولسە قاراپ ياتقالى،
كىچىككىنە خەنجەر بولسە يۇرەك يارغالى.
بۇ سەفەر ئۇزۇن سەفەر سايدا مېنىڭ ھالىم نە كېچەر،
سېنىڭ ئوتۇڭ ئۇچسە ئۇچەر، مېنىڭ ئوتۇم قايداق ئۇچەر.
يۇلتۇز بىلەن كاغەز ئەتتىم، سىيا بىلەن سۆز،
ئالتۇن بىلەن ئۇزۇك ئەتتىم، لەئل بىلەن كۆز.
ئالتۇن بىلەن ئەتكەن ئۇزۇك ئوترى قولۇڭدا،
سېنى كۆرگەن كىشى قايداق چىدار بۇ تۇرقوڭدا.
ئۆيۈڭگە كىرىپ باقسام ئۆيىنىڭ تۆرەسى مورا،
ئەجەپ مەيدەم ئاغرىيدۇر، يارنىڭ ئەمچەكى دورا.
قوغۇن فەلكى ئىستەيمەن تابۇز تافالمايمەن،
سەندىن ئايرىلىپ بېرىپ يالغۇز ياتالمايمەن.
كېتەمسەن يوللارىڭ بولغاي، ساڭا يولدا قىزىلگۇل ھەمراھىڭ،
مەندىن بۆلەك يار تۇتساڭ خۇمار كۆزۈڭ كور بولغاي.
ھەۋاما ھەۋامىدۇر قار ـ يامغۇر ياغامىدۇر،
قىز ئۇچۇن يىگىت ئۆلمەك شەرئىدە رەۋامىدۇر.
ئالما سېتىپ ئولتۇرسام قىزىلىنى فارلايدۇر،
ئالدەمدە كىشى كۆپدۇر، كۆڭلۇم سېنى خالايدۇر.
كاككۇكۇم كاككۇك قىلادۇر ھەر يەردە غەرىب،
بىز ئىكۆۋلەن دوست بولالى سىز مۇسافىز بىر غەرىب.
يافانىپ ئالدىڭغە تۇشتى ئەشمە ـ ئەشمە ساچلارىڭ،
بۇ مېنى بىچارە قىلغان ئەگمە ـ ئەگمە قاشلارىڭ.
ئەگمە ـ ئەگمە قاشلارىڭغە بىر دۇئايى بەندەمەن،
كېچەسى ئوتۇڭدا كويسام، كۇندۇزى كويۇڭدا مەن.
لاچىن بولۇپ ئوينايمەن باغىڭدا، تېرەكىڭدە،
يىلقا بولۇپ ئوينايمەن باغرىڭدا، يۇرەكىڭدە.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

زىندە دىل مەجنۇنىنىڭ ئۆلۈش كۆڭلى چۈن لەيلىغە ھەيپ،
بەسنى ئاسىغ ئانى ھەيدىن تاۋلاماغلىق ئەيىب.

تالىب ئۆلكىم تاپماسىڭ داغى بۇ بەسكىم ئەيلەمەس
بىر نەفەس غافىل سېنى مەتلۇب ياندىن تەلەب.

قەھر بەرقى بىرلە رەھمەت يامغۇرى گەر بولىدۇر،
ئەمن ئەيمەس بولسەلا، نەۋمىد ئەمەستۇر بولەھەب.

گەر ناۋاتاپسا نەۋائىي لەبلەرىڭنىڭ زىكرىدىن،
تاڭ ئەمەستۇر، چۈن مۇدام ئەفزۇن بولۇرمەيدىن تەرەب.

نەۋبەت




# 源　泉（布拉克）

（维　吾　尔　文）　　总134期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 134 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编:阿布来提·伊明　　副主编: 买买提吐尔地

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن　　مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

新　疆　人　民　出　版　社　编　辑　出　版
（乌　鲁　木　齐　市　解　放　南　路　3　4　8　号）
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌　鲁　木　齐　市　邮　局　发　行
中　国　国　际　图　书　贸　易　总　公　司　国　外　发　行
全　国　各　地　邮　局　订　阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN　1005-0876
国外发行号:Q1118　　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　　　定价:7.50元
广告经营许可证号: 6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108ـ58　　باھاسى: 7.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043